# ئاياللار ئۈچۈن مۇھىم پەتىۋالار

خالىد ھەسىنان

تۈزگۈچى:

نۇرئىسلام

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە ........ 2
كىرىش سۆز ........ 4
كىرىش سۆز ........ 6
بىرىنچى ئاياللار ۋە ئېتىقاد توغرىسىدا ........ 9
ئىككىنچى ئاياللار ۋە تاھارەت توغرىسىدا ........ 33
نىجاسەتنىڭ ئەھكاملىرى ........ 36
تاھارەتنىڭ ئەھكاملىرى ........ 38
ئۈچىنچى ئاياللار ۋە غۇسلى توغرىسىدا ........ 42
ئۆتۈككە مەسھى قىلىش توغرىسىدا ........ 48
2 ـ مەسھىنىڭ مۇددىتى، ئۆتۈكنى كىيىپ تۇنجى قىلغان مەسھىدىن باشلىنىدۇ. ........ 48
ئۈچىنچى ئاياللار ۋە ھەيز توغرىسىدا ........ 50
ھەيزگە ئالاقىدار تۇرلۇك مەسىلىلەر ........ 55
ئاياللاردىكى ئادەت ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبلىرى ........ 58
تۆتىنچى ئاياللار ۋە ئىستىھازە توغرىسىدا ........ 63
بەشىنچى ئاياللارۋە سۈيۈقلۇق توغرىسىدا ........ 66
ۋەدى، مەزى ۋە مەنىي قاتارلىقلارنىڭ پەرقى ........ 69
ئالتىنچى ئاياللار ۋە ھامىلدارلىق توغرىسىدا ........ 72
ئاياللارۋە نەپاس توغرىسىدا ........ 78
سەككىزىنچى ئاياللار ۋە كىيىم ـ كېچەك توغرىسىدا ........ 83
كىيىشكە رۇخسەت قىلىنغان كىيىملەر ........ 86
مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى ........ 87
ئاياللارنىڭ كىيىشى چەكلەنگەن كىيىملەر ........ 87
توققۇزۇنچى ئاياللار ۋە ناماز توغرىسىدا ........ 95
ئوقۇلماي قالغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ........ 105
نەپلە نامازغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ........ 107
جامائەت نامىزىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ........ 109



http://nurislam.cn

جامائەت نامىزىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى...........110
ئاياللار ۋە جىنازا توغرىسىدا.................................113
ئون بىرىنچى ئاياللار ۋە روزا توغرىسىدا.........................116
ئون ئىككىنچى ئاياللار ۋە زاكات توغرىسىدا......................127
ئاياللار ۋە ھەج توغرىسىدا...................................131
ئون تۆتىنچى ئاياللار ۋە قۇرئان كەرىم توغرىسىدا...................137
ئون بەشىنچى ئاياللار ۋە چۈش توغرىسىدا.......................150
ئون ئالتىنچى ئاياللار ۋە ۋەسۋەسە توغرىسىدا.....................153
ئون يەتتىنچى ئاياللار ۋە ئاشقىلىق توغرىسىدا....................157
ئون سەككىزىنچى ئاياللار ۋە شاد ـ خۇراملىق توغرىسىدا.............159
ئون توققۇزىنچى ئاياللار ۋە زىننەت توغرىسىدا.....................163
يىگىرمىنچى ئاياللار ۋە نىكاھ توغرىسىدا.........................171
ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى.............................179
بىرگە بولۇشنىڭ ئەدەپلىرى بار...................................188
يىگىرمە بىرىنچى ئاياللار ۋە تالاق توغرىسىدا.....................191
ئايال ئېرىدىن تالىقنى تەلەپ قىلسا بولىدىغان ھالەتلەر...................192
يىگىرمە ئىككى ئاياللار ۋە ئىددەت توغرىسىدا......................197
يىگىرمە ئۈچىنچى ئاياللار ۋە پەرزەنت توغرىسىدا...................200
يىگىرمە تۆتىنچى ئاياللار ۋە ئېمىلداشلىق توغرىسىدا................209
ئاياللار ۋە قارىلىق توغرىسىدا.................................212
يىگىرمە ئالتىنچى ئاياللار ۋە سودا ـ سېتىق.......................219
يىگىرمە يەتتىنچى ئاياللار ۋە تۇرلۇك جاۋابلار.....................222
يىگىرمە سەككىزىنچى ئاياللار ۋە ساغلاملىق توغرىسىدا..............232

http://nurislam.cn

# كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارچە گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا مەنسۇپ، سالام ۋە رەھمەت پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىگە ۋە بارلىق ئەسھابلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك: ھالال بىلەن ھارامنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بىلىش ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

مەن بۇ كىتابقا ئاياللارنىڭ شەرىئەت، جەمئىيەت ۋە پىسخىك ساھالەرگە چېتىلىدىغان سوئاللىرىغا بېرىلگەن «ھۆكۈم ۋە پەتىۋالارنى» قىسقارتىپ توپلىدىم. بۇنداق قىلىشتا ئاياللارنىڭ بۇ «ھۆكۈم ۋە پەتىۋالار» دىن بەھرى ئېلىشىغا ۋە يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشىگە قۇلايلىق يارىتىش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ كىتاب سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدىكى "ئىلمى ـ پەن ۋە پەتىۋا تەتقىقات كومىتېتى" ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ سابىق مۇپتىلىرىدىن شەيخ ئابدۇراھمان سەئۇدى، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم، شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرىن، شەيخ سالىھ ئىبنى فەۋزان، شەيخ بەكرى ئەبۇ زەيد ۋە شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇنئى، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ پەتىۋالىرىدىن تۈزۈلدى. بۇ كىتابنى ئىخچام چىقىرىش ئۈچۈن سوئاللارغا بېرىلگەن پەتىۋالارنىڭ ئۆزىنىلا ئالدىم. بۇ كىتابنىڭ



http://nurislam.cn

كېڭىيىپ كەتمەسلىكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى، زېھنىنى ئالماسلىق ئۈچۈن بېرىلگەن پەتىۋالارنىڭ دەلىل پاكىتلىرىنى ئاساسەن ئوتتۇرغا قويمىدىم. كۆپلىگەن ئايالالارنىڭ سورىغان سوئاللىرى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن شۇسوئاللارنى ئەينەن بەردىم. سۇئاللارغا بېرىلگەن ھەربىر جاۋاب ئاخرلاشقاندا جاۋابنىڭ ئىشەنچىلىك بولۇشى ئۈچۈن جاۋاب بەرگەن ئالىمنىڭ نام شەرىپىنى تىرناق ئىچىگە ئېلىندى. بۇ كىتابتا بېرىلگەن پەتىۋالارنى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بابلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇ كىتابتا بېرىلگەن پەتىۋالار سۇئال بەرگەن ئايالالارغىلا خاس بولماستىن بارلىق مۇسۇلمان قىز - ئايالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەتبىقلىشىغا ئەرزىيدۇ.

خالىد ھەسسىن

http://nurislam.cn

# كىرىش سۆز

بارچە گۈزەل ۋە بىھېساب مەدھىيىلەر پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، جانلىق - جانسىز مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىپ بەرگۈچى شانۇ شەۋكەتلىك ئىگىمىز اللە قامەنسۇپتۇر. سالام ۋە رەھمەت پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابە كىراملىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ھىدايەتكە ئەگەشكەن ئىخلاسمەنلەرگە بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك: ئىسلامىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممە ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ، ئۇ خىرىستىئان دىنىغا ئوخشاش پەقەت چىركاۋلاردىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان دىن ئەمەس. مۇسۇلمانمۇ پەقەت مەسجىدلەردىلا ئىخلاسمەن ئېتىقادچى بولۇپ مەسجىد سىرتىدا ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەربىر چوڭ - كىچىك ئىشلىرىدا ئىسلامىيەتنىڭ ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئاياللارمۇ مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆزىگە قىبلەنامە قىلىپ ياشايدۇ، دېمىسىمۇ ئاياللارنىڭ ئىبادەت، ئىجتىمائى ئالاقە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىشلىرى ئەرلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر مۇرەككەپ. قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئەقىدە - ئېتىقاد، ھەيز، نىپاس، ئىددەت، زىبۇ زىننەت ۋە باشقا تۈرلۈك تېمىلاردا يولۇققان مۇئەممالىرىغا جاۋاب بېرىش ئىسلامىيەتنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بولگەن مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزۋاقتىدا ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ۋەز نەسىھەت قىلغان، يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلىرىگە



http://nurislam.cn

جاۋاب بەرگەن. ئۆتكەنكى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان ئالىملىرىمىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئايالالار ئىشلىرىغا كۆڭۈل بولۇپ كەلمەكتە. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەنە شۇلارنىڭ ئەجىر مېھنىتىنىڭ سەمەرىلىرىدىندۇر. بىلمىگەننى سوراپ بىلىش ۋە شۇبىلىش ئاساسىدا ئەمەل قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى.

بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿بىلمىگەنلىرىڭلارنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار﴾ دەپ تەلىم بەرگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنسارىلارنىڭ ئايالالىرىنىڭ يولۇققان مەسىلىلىرىنى ھېچ تارتىنماستىن سوراپ بىلىشلىرىدىن سۆيۈنۈپ: «ئايالالارنىڭ ياخشىسى ئەنسارىلارنىڭ ئايالالىرىدۇر، ھايا ـ تارتىنىش ـ ئۇلارنى دىندا ئالىم بولۇشتىن توسۇپ قالالمىدى» دېگەن. مىڭ ئەپسۇسكى يۇرتىمىز قىز ـ ئايالالىرىنىڭ ئايلاپ ـ يىللاپ بىرەر مەسىلىنى سوراپ بىلىشكە سەئى كۈش قىلغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. باشقىلارغا بىلمىگەننى بىلدۈرۈش بىلگەنلەرنىڭ باشتارتىپ بولماس بۇرچىدۇر. شۇ مۇنا سۆۋەت بىلەن بۇ كىتابنى مۇسۇلمان قىز ـ ئايالالىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەرەبچىدىن بىۋاسىتە ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلدىم. پەتىۋالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەينەن (سۆزمۇسۆز) تەرجىمە قىلىندى. بۇ كىتابتىن قىز ئايالالىرىمىزنىڭ يولۇققان مەسىلىلىرىگە جاۋاب تېپىلسا شۇ بويىچە ئىش تۇتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مۇسۇلمان ھەربىر ئىشىنى ئۆز رەئيىگە ـ كۆڭۈل خاھىشىغا ـ ئەمەس بەلكى قۇرئان كەرىمگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىگە، ھېچ بولمىغاندا مۇجتەھىتلەرنىڭ قۇر ئان، ھەدىسنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ چىقارغان ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق قىلىشى لازىم.

بۇكىتابنىڭ بارچە مۇسۇلمان قىز ـ ئايالالىرىمىزغا مەنپەئەتلىك بولۇشىنى ۋە نە پەرزەنت، نە پۇل ـ مال ئەسقاتمايدىغان كۈنى

http://nurislam.cn

ئەسقىتىشـــىنى ناھـايىتى شەپــقەتلىك ۋەمەھرىبــان ئىگـــىمىز اللّٰه تــىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن. تەرجىمىدە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىم بولسا اللّٰه تىن كـەچۈرۈم تىلەيمەن. ئى رەھمىتى كەڭ، مېھرى شەپقىتى زىيادە رەببىم بارچە مۇۋەپپــەقىيەت سـەندىن، بارچـە خاتــالىق لـەنتى شــەيتاندىندۇر، بىلــىپ ـ بىلمــەي ئـۆتكۈزۈپ سـالغان خاتــالىقىمنى كەچۈرگەيسەن.

تەرجىمە قىلغۇچىدىن

http://nurislam.cn

# بىرىنچى ئايالالر ۋە ئېتىقاد توغرىسىدا

ئوتتۇز جاۋاب بار:

## 1 ـ ئىسلام دېگەن نېمە؟

ـ ئىسلامنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: الله تائالاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن، الله يولغا قويغان ئاساستا ئىبادەت قىلىشتۇر، مانا بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام، مۇسائەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملار ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ الله ئۈچۈن بويسۇنۇش ـ ئىبادەت قىلىش ـ ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر مۇسۇلمان، ئەكسىنچە قارشى چىققانلار بىردەك غەيرى مۇسۇلمان بولىدىغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾. [سۈرە ئال ئىمران: **19** ـ ئايەت]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ». [سۈرە ئال ئىمران: **85** ـ ئايەت]

بىز "ئىسلام" الله تائالاغا، الله يولغا قويغان ئاساستا ئىبادەت قىلىش دېسەك، مانا بۇ الله قا زاھىرى ۋە باتىنى جەھەتلەردە ھەقىقىي بويسۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

## 2 ـ ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ پەرقى نىمە؟

ئىسلام اللّٰه تائالاغا، اللّٰه نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىبادەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام زاھىرى ۋە باتىنى جەھەتلەردە اللّٰه ئۈچۈن بويسۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىن دېمەك ئەقىدە، ئەمەل ۋە سۆزلەش دېمەكتۇر. ئەمدى ئىمان مەسلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئەقىدە ۋە دىلنىڭ ئەمەلدىن ئىبارەت باتىنى كۆرستىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى﴾. [سۈرە ھۇجۇرات: 14 ـ ئايەت]

ئۈنىڭدىن باشقا ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ پەرقىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىستىن تېخىمۇ ئوبدان ئايرىۋالالايمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «ئىسلام اللّٰه دىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللّٰه نىڭ ئەلچىسى سەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە بەيتۇللاھنى ھەج تاۋاپ قىلىش» دېگەن.

ئىمان توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «اللّٰه قا، اللّٰه نىڭ پەرىشتەلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 3 ـ ئىماننى ئاشۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى نىمە؟

ـ ئىماننى ئاشۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئۈچتۇرلۈك بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:



http://nurislam.cn

1 ـ الله نى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن بىرگە تونۇش، الله نى، الله نىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرى بىلەن تونىغانچە كىشىنىڭ ئىمانى ئاشىدۇ.

2 ـ الله نىڭ كائىناتتىكى شەرىئەتتىكى مۆجىزىلىرىگە نەزەر سېلىش ﴿زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا الله غا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، بۇنى كۆر مەمسىلەر؟﴾. [سۈرە زارىيات: 20 ـ 21 ـ ئايەت]

بۇ ئايەت الله نىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىگە كۆپرەك نەزەر سېلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىمانىمىزنى ئاشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

3 ـ تائەت، ئىبادەتلەر بىلەن كۆپ مەشغۇل بولۇش، الله نى ياد ئېتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىش قا ئوخشاش ئەمەللەر ئىماننى ئاشۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

4 ـ ئىماننىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار:

1 ـ الله نىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى بىلمەسلىك.

2 ـ الله نىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلماسلىق.

3 ـ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش. گۇناھ ـ مەئسىيەت دىلنى قارايتىپ ئىماننى سۇسلاشتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «زىناخور مۆمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ» دېگەن.

## 4 ـ الله نىڭ بۇيرۇملىرىنى تەرك ئېتىش.

الله نىڭ بۇيرۇملىرى ئۆزرىلىك ھالەتتە تەرك ئېتىلگەندە جازاغا ئۇچرىمىغاندىمۇ ئىمان كېمىيىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاياللارغا: ئەقلىڭلار ۋە دىنىڭلار كەم دېگەن سۆزىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «سىلەر



http://nurislam.cn

ھەيز كۆرۈپ قالغاندا ناماز ئوقۇيالمايسىلەر ۋە روزا تۇتالمايسىلەي ئەمەسمۇ؟» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 5 ـ پەيغەمبەرلەر پەزىلەت جەھەتتە ئوخشاشمۇ؟

ـ ياق، ئوخشاش ئەمەس، بۇ ھەقتە اللّٰہ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئەنەشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، اللّٰہ ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى». يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾. [سۈرە ئىسرائ: 55 ـ ئايەت]

بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىگە ئوخشاش ئىمان كەلتۈرىشىمىز ۋە اللّٰہ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلغان دەپ تونۇشىمىز كېرەككى، بەزىلىرىدىن پەخىرلىنىش ۋە بەزىلىرىنى كەمسىتىش ئويىدا بولمىغۇر گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىقىمىز لازىم. بۇخارىدا مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان، بىر يەھۇدىي قەسەم ئىچىپ: اللّٰہ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتتىن ئۈستۈن قىلغان، دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان بىر خىرىستىئان ئۇنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرۇپ: ئارىمىزدا اللّٰہ نىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇپمۇ مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلامسەن دېگەن. يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: پالانچى خىرىستىئان يۈزۈمگە ئۇردى دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنىڭ يۈزىگە نېمە دەپ ئۇردۇڭ؟» دېگەن. ئۇ بولغان ئەھۋالنى ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتكەن، ئاندىن: «اللّٰہ نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئۈستۈن قىلىشماڭلار» دېگەن.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىگە مەن



http://nurislam.cn

مەتانىڭ ئوغلى يۇنۇس ـ ئەلەيھىسسالام ـ دىن ياخشى دېيىشى لايىق ئەمەس». [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 6 ـ شاپائەت دېگەن نىمە؟

ـ شاپائەتنىڭ ئىستىمال مەنىسى: (ئارىغا چۈشۈپ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ياكى باشقىلارنى زىيان ـ زەخمەتتىن ھىمايە قىلىش) دېگەن بولىدۇ. شاپائەت سەھى ھەدىستە ۋە قۇئان كەرىمدە ئىسپاتلانغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا شاپائەت پەقەت ئەھلى تەۋھىدلەرگە ۋە ئىخلاسمەن مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارغىلا نېسىپ بولىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى قىيامەت كۈنى سىنىڭ شاپائىتىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ ئەڭ بەختلىكە ئېرىشىدىغىنى كىم، دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ الله دىن باشقا ھەقىقي مەبۇد يوق دېيەلىگەن كىشى» دېگەن.

شاپائەتنىڭ شاپائەت بولۇشىغا مۇنداق ئۈچ شەرت تېپىلىش لازىم:

1 ـ شاپائەت قىلغۇچىدىن الله رازى بولۇش.

2 ـ شاپائەت قىلىنغۇچىدىن ھەم رازى بولۇش.

3 ـ شاپائەت قىلغۇچىنىڭ شاپائەت قىلىشىغا الله ئىزنى قىلىش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 7 ـ گۇناھكار مۆمىنلەردىن قەبرىنىڭ ئازابە يەڭگىللەمدۇ؟

ـ ھەئە يەڭگىللەيدۇ،چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ: «بۇ ئىككىس ئازاب لىنىۋېتىپتۇ، ئازابلىنىشىغا بىرەر چوڭ گۇناھ سەۋەب بولماپتۇ، ياقەي ئۇ



http://nurislam.cn

چوڭ گۇناھتۇر. بۇئىككىسىنىڭ بىرى ئۆزىنى پاك تۇتمايدىكەن» ياكى «سۇ يدۇكتىن ئۆزىنى تارتمايدىكەن، يەنە بىرى سۇخەنچىلىك قىلىپ يۈرىدىكەن» دەپ بىردانە ھۆل نوتىنى ئالدى ـ دە، ئىككى قىلىپ ھەربىر قەبرىگە بىردىن سانچىپ قويۇپ: «بۇ ئىككىسى قۇرۇپ قالمىسىلا ئىككىسىدىن ئازاب يەڭگىللىشى مۇمكىن» دېگەن.

بۇ ئازابنىڭ يەڭگىللەيدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سانچىپ قويغان ئىككى نوتىنىڭ قەبرە ئازابىنىڭ يەڭگىللىشى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

ـ بىر بۆلۈك ئۆلىمالار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سانچىپ قويغان نوتا قۇرۇپلا قالمىسا تەسبىھ ئېيتىدۇ، تەسبىھ مەيىتنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ دەيدۇ.

يەنە بىر بۆلۈك ئۆلىمالار دەيدۇ: بۇنداق ئىللەت زەئىپتۇر. نوتا مەيلى ھۆل بوسۇن، مەيلى قۇرۇق بولسۇن ئوخشاشلا تەسبىھ ئېيتىدۇ، بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله قا تەسبىھ ئېيتىدۇ، (كائىناتتىكى) قاندىقلىكى نەرسە بولمىسۇن، الله قا ھەمدە ئېيتىدۇ، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ھەمدىسىنى سەزمەيسىلەر﴾ دېگەن. [سۈرە ئىسرائ: 44 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، شۇ ئىككى تال نوتا قۇرۇپ قالمىسىلا الله تائالانىڭ قەبرىدىكى مەيىتنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشىنى ئۈمىت قىلغان. ئاساسلىق مەقسەت ھېلقى ئىككى مەيىتنىڭ قىلمىشىدىن (يەنى سۈيدۈكتىن ئۆزىنى تارتماسلىق بىلەن چېقىمچىلىقتىن) ھەزەر قىلدۇرغان. چۈنكى ئۇ ھەددىستە كەلگەندەك چوڭ گۇناھلاردىندۇر.

[شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

## 8 ـ كىشىنىڭ نام ئەمالى قانداق ئۆلچىنىدۇ؟

ـ بۇ ھەقتىكى بىردىن ـ بىر قائىدە، سەلەپ سالىھلىرىمىزگە ئوخشاش ئايەت ۋە ھەدىستە كەلگەننى ئەينەن قوبۇل قىلىشىمىز، بويسۇنىشىمىز لازىم، قانداق ئۆلچىنىدۇ؟ تارازىنىڭ شەكلى قانداق؟ دەپ سوراشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق. الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 9 ـ جەننەتتە ئەر لەرگە ھۆرۈل ئەينلەر بېرىلىدىكەن، ئايالالارغىچۇ؟

ـ الله تائالا ئەھلى جەننەتلەرنىڭ نېئمەتلىرىنى تەسۋىرلەپ: ﴿جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر﴾ دەيدۇ. [سۈرە فۇسسىلەت: 31 ـ 32 ـ ئايەت]

بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدۇكى، جەننەتتە ئەھلى جەننەتلەرنىڭ ـ ئۇلار مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ـ كۆڭلى نېمە تارتسا شۇنەرسە تېپىلىدۇ، الله تائالا ئايالالارنى جەننەتتە دۇنيادىكى ئەرلىرىگە جۈپلەپ قويىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى سەن﴾. [سۈرە غافىر: 8 ـ ئايەت] [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 10 ـ ئايال ئەھلى جەننەتلەردىن بولۇپ دۇنيادا توي قىلمىغان بولسا ياكى توي قىلغان بولسىمۇ ئېرى ئەھلى



http://nurislam.cn

## جەننەتلەردىن بولالمىغان بولسا شۇنداق ئايال كىمگە مەنسۇپ بولىدۇ؟

ـ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى مۇنۇ ئايەتتىن ئېلىنىدۇ: ﴿جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر﴾.

« جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار».

بىرەر ئايال ئەھلى جەننەتلەردىن بولسا ـ يۇ، توي قىلمىغان ياكى ئېرى ئەھلى جەننەتلەردىن بولالمىغان بولسا، جەننەتكە توي قىلمىغان ئەرلەرمۇ كىرىدۇ، ئۇلارغا ھۆرۈل ئەينلەردىن ۋە دۇنيانىڭ ئاياللىرىدىن خالىغانچە بېرىلىدۇ. ئاياللارمۇ جەننەتتە توي قىلىشنى كۆڭلى تارتسا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭمۇ ئارزۇسى قاندۇرلىدۇ، چۈنكى يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ھۆكمى ئامدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 11 ـ كىشىنىڭ يەيدىغان رىزىقى ۋە توي قىلىشى لەۋھۇلمەھفۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەنمۇ؟

ـ شۇنداق، الله قەلەمنى ياراتقاندىن باشلاپ تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈلگەن، چۈنكى الله تائالا تۇنجى قېتىم قەلەم ياراتقان ئاندىن كېيىن قەلەمگە: "ياز"، دېگەن. قەلەم: «ئى رەببىم! نېمىنى يازىمەن؟» دېگەندە، (قىيامەتكىچە) بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى ياز» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 12 ـ الله نىڭ غەيرىگە ئاتاپ نەزىر ۋە قۇربانلىق قىلسا بولامدۇ؟

ـ نەزىر بىلەن قۇربانلىق مەخسۇس الله قىلا قىلىنىدىغان



http://nurislam.cn

ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىرىدىندۇر، ئۇنىڭدىن بىرەرسىنى، مەيلى پەرىشتە بولسۇن، مەيلى پەيغەمبەر بولسۇن اللە نىڭ غەيرىگە قىلىش دۇرۇس ئەمەس. كىمكى اللە نىڭ غەيرىگە نەزىر قىلىدىكەن ياكى قۇربانلىق قىلىدىكەن اللە قا شېرىك كەلتۈرگەن، ئىسلام ئۈممىتى سىپىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ، بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللە نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللە غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم».

يەنە مۇنداق دېگەن: «اللە ھەققەتەن اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».

يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن اللە ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ياردەم بەرگۈچى بولمايدۇ».

تارىق ئىبنى شىھابتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم بىردانە چىۋىن سەۋەبلىك جەننەتكە كىردى، بىر ئادەم بىردانە چىۋىن سەۋەبلىك دوزاخقا كىردى، (ساھابىلار) ئۇ قانداق ئىش ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: ئىككى كىشى بۇتلىرىغا ئاتاپ بىرەر نەرسە قۇربانلىق قىلمىسا يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان بۇت پەرەسلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇلار ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ بىرىگە: قۇبانلىق قىل دەپتۇ، مېنىڭ قۇر بانلىق قىلغۇدەك بىرەر نەرسەم يوق، دەپتۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى. ئۇلار: چىۋىن بولسىمۇ قۇبانلىق قىل دەپتۇ، ئۇكىشى بىردانە چىۋىننى قۇربانلىق قىلىپ دوزاخقا يول ئاپتۇ. يەنە بىر كىشىگە

http://nurislam.cn

قۇبانلىق قىل دېگەن ئىكەن، ئۇكىشى: مەن الله دىن باشقا ھېچكىمگە قۇربانلىق قىلمايمەن دېگەن ئىكەن، بۇتپەرەسلەر ئۇنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، نەتىجىدە ئۇ جەننەتكە كىرىپتۇ». ئەھمەد رىۋايەت قىلغان [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

## 13 ـ بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، بۇنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ـ بىرەر شەيئى بىلەن قەسەم قىلغانلىق شۇ شەيئىنى ئۇلۇغلىغانلىق ۋە ئىبادەت قىلغانلىق، شۇڭا الله نىڭ نامىنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىش دۇرۇس ئەمەس، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى الله نىڭ نامىنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلسا كافىر ياكى مۇشرىك بولىدۇ» دېگەن.

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار، كىمكى قەسەم قىلماقچى بولسا الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم قىلغىنىم، الله نىڭ غەيرىنىڭ نامى بىلەن راست قەسەم قىلغىنىمدىن مىڭ ياخشى». چۈنكى يالغاننىڭ گۇناھى شېرىكنىڭ گۇناھىدىن يېنىكرەك. [شەيخ سالىھ فەۋزان]

## 14 ـ رىيا دېگەن نىمە؟

ـ رىيا دېگەن كىچىك شېرىكتۇر، چۈنكى ئۇ الله نىڭ ئىبادىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىق، بەزى چاغلاردا رىيا چوڭ شېرىككە ئېلىپ بارىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 15 ـ سانلاردىن ياكى كۈنلەردىن ۋە ياكى ئايلاردىن شۇمپال ئېلىشقا بولامدۇ؟



http://nurislam.cn

ـ بولمـــايدۇ، ئۇنـــداق قىلـــىش شـــېرىككە تولغـــان جاھالـــەتنىڭ ئـادەتلىرىدىندۇر، ئىسـلامىيەت دۇنياغـا كـېلىپ ئـۆزىنىڭ پـۇلاتتەك پاكىتلىرى، ئۇچـۇق ھۆججـەتلىرى بىلـەن شۇمپال ئىلىشـىنىڭ نـاتوغرا، ھـارام ئـىش ئىكـەنلىكىنى ئۇنـىڭ شـېرىككە ئېلىپ بارىدىغـانلىقىنى ۋە پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر الله ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ياللۇز الله دىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، الله نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، الله پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ﴾.

ئىبنى ئاببـاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇمادىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىرەر قەۋم توپلىشىپ ساڭا بىرەر نەپ يەتكۈزۈشمەكچى بولىشسا، پەقەت الله ساڭا تەقدىر قىلغىنىدىــن باشــقىنى يەتكۈزەلمــەيدۇ. بىـــرەر زىيــان ـ زەخمـــەت يەتكۈزۈشـــمەكچى بولۇشـــسىمۇ الله تـــەقدىر قىلغىنىدىـــن باشـــقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرلۈپ، سەھىپىلەر قۇرۇپ بولدى».

ئىسـلامىيەت كېلىشـتىن بـۇرۇن كىشـىلەر سەپـەر ئېيـى بىلـەن شۇمپـاللىناتتى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالام ئۇنـــىڭ بـــاتىل ئـــىش ئىكـەنلىكىنى بايانقىلغـان ۋە سەپـەر ئېيىنـىڭ باشـقا ئايلارغـا ئوخشـاش ئىكـەنلىكىنى خـەۋەر قىلغـان، شـۇنىڭدەك كۈنلـەرنىڭ، ۋاقىـت ـ سائەتلەرنىڭمۇ پەرقسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان.

(چارشـەنبە كۈنـى چاچ تارىمايدىغـان، سەيشـەنبە كۈنـى تىرنـاق ئالمايدىغـان، سـاتراچ ئۇسـتاملار چـاچ ئالمايدىغـان، پەيشـەنبە كۈنـى سەيپـۇڭ ئۇسـتاملار كـىيىم كەسـمەيدىغان ئىشـلار خـەلقىمىز ئارىسـىدا ھېلىھەم مەۋجۇت. ـ ت )



http://nurislam.cn

ئىلگىرى ئۇلار نىكاھلىنىشتا شەۋۋال ئېيىدىن شۇمپال ئالاتتى، بۇنىڭ ناتوغرا ئىش ئىكەنلىكىگە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۆۋەندىكى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ مېنى شەۋۋال ئېيىدا نىكاھىغا ئالدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدىم».

راپىزەلەر جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون نەپەر ساھابە كەرىمنىڭ نام شەرىپى بىلەن شۇمپاللىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ شۇ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى يامان كۆرگەنلىكى ۋە تولىمۇ نادانلىقىدىن بولغان.

مۇنەججىملەر ۋاقىت ـ سائەت بىلەن شۇمپاللىنىدۇ، پالانى سائەت خەيرلىك، پۇستانى سائەت خەيرلىك ئەمەس دەپ ئۆزىنىڭ سېھرى، هارام ئىشلىرىنى يۇشۇرماقچى بولۇشىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرىدىندۇر. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

## 16 ـ غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىسلامىيەتنى ھاقارەت قىلغان كىشى قانداق كەففارەت بېرىش كېرەك؟ ئۇنداق قىلمىشتىن تەۋبە قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟ شۇسەۋەبلىك نىكاھى بۇزۇلامدۇ؟

ـ ئىسلامىيەتنى ھاقارەت قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر، كىمكى ئىسلامىيەتنى مەسخىرە قىلىدىكەن، ئۇنداق كىشى مۇرتەد، الله تائالاغا ۋە ئۆزدىنىغا كافىر بولىدۇ. الله تائالا ئىسلام دىنى مەسخىرە قىلىپ: بىز پەقەت چېقىشىپ قويدۇق، ئوينىشىپ قويدۇق دېگەن قەۋملەر ھەققىدە ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: بىز (راستىن ئەمەس)، پەقەت پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ قويدۇق دەيدۇ. بۇ مۇناپىقلارغا:

سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى)، الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟ دېگىن. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرىقىلىش بىلەن) كافىر بولدۇڭلار».

قىسقىسى دىننى مەسخىرە قىلىش ۋە ھاقارەت قىلىش بىلەن كىشى كاپىر بولۇپ دىندىن چىقىدۇ.

شۇنداقتىمۇ تەۋبە قىلىش يولى بار، بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

ئەگەر كىشى سەممىي تەۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. تۆۋەندىكىدەك بەشخىل شەرت تېپىلغاندىلا، الله تائالا ئاندىن بەندىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ:

**1** ـ الله قا ھەقىقىي ئىخلاس قىلىش: تەۋبىدە الله قا ئىخلاس قىلىش، رىيادىن ۋە باشقىلارغا ئاڭلىتىشتىن، مەخلۇقاتلاردىن قورقۇش ۋە دۇنياغا ئېرىشىش مەقسىتىدىن تەلتۆكۈس يىراق بولۇش بىلەن بولىدۇ. تەۋبىدە الله قا ئىخلاس قىلىش، تەقۋادارلىقنى، الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇشقا ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

**2** ـ قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىش، كۆڭلىدە كۆيۈپ ھەسرەت ـ نادامەت چېكىش، شۇ گۇناھتىن قۇتۇلغانلىقىنى ئالاھىدە چوڭ ئىش دەپ بىلىش.

**3** ـ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى تەلتۆكۈس تەرك ئېتىش. گۇناھلا بولىدىكەن، گۇناھكارنىڭ ئۇنى دەرھال تەرك ئېتىشى ۋاجىپ. ئەگەر



http://nurislam.cn

قىلىپ يۈركىنى ھارام بولسا، ئۇنىڭدىن يىراق بولۇش. ئەگەر باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆز ئىسىگە قايتۇرۇش.

4 ـ كەلگۈسىدە شۇ گۇناھنى قايتا سادىر قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىش،

5 ـ تەۋبىنى قوبۇل بولۇش ۋاقتىدا قىلىش، مۇبادا قوبۇل بولۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ، قۇياش غەربتىن چىقىپ قالمىغانلا بولسا، كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ، قوبۇل ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

ئومۇمىي بولغىنى: بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ﴾.

خۇسۇسىي بولغىنى: ئەجەلنىڭ كېلىپ قېلىشىدۇر. ئەجەل كەلگەندە قىلغان تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بىشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾.

كىشى ھەرقانداق گۇناھقا تەۋبە قىلسا ۋە يوقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەۋبىنىڭ شەرتلىرى تولۇقلانسىلا گەرچە ئىسلامىيەتنى ھاقارەت قىلىپ سالغانلىقىدەك گۇناھى بولسىمۇ تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ. غەزەبتىن خۇدىنى بىلمەي دىننى ھاقارەت قىلىپ سالغان كىشىگە كەلسەك، بىزنىڭ دېيدىغىنىمىز: ئەگەر سىز راستىنلا قويغان ـ تۇتقىنىڭىزنى، ئاسماندا ياكى يەردە تۇرغانلىقىڭىزنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق غەزەبلەنگەنلىكتىن ئىسلامىيەتنى ھاقارەت قىلىپ سالغان بولسىڭىز سىزگە مۇرتەدنىڭ ھۆكمنى بەرگىلى بولمايدۇ،



http://nurislam.cn

مۇرتەدنىڭ ھۆكمىنى بەرگىلى بولمىغان ئىكەن سىزنىڭ ئايالىڭىز بىلەن بولغان نىكاھىڭىزمۇ بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى سىزنىڭ دەپ تاشلىغان سۆزىڭىز مەقسەتسىز ئېيتىلغان سۆزدۇر، مەقسەتسىز ئېيتىلغان ھەرقانداق سۆز سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللە سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارىتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ﴾.

ئادەم ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋسىيە قىلغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ غەزىپىنى بېسىۋېلىشى لازىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەسىيەت قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ كەلگەن كىشىگە: «غەزەپلەنمە» دەپ قايتا ـ قايتا تەكرارلىغان. غەزىپى كېلىپ قالغان كىشى ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىش، ئولتۇرغان بولسا يېتىۋېلىش، ئۇمۇ بولمىسا تاھارەت ئېلىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 17 ـ كاھىنلىقنىڭ ۋە كاھىننىڭ قېشىغا بېرىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ كاھىنلىق كۇفۇرلۇقتۇر، چۈنكى كاھىن غەيبنى دەۋاقىلغۇچىدۇر، غەيبنى بىلىش پەقەت اللە قىلا خاس. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە تىن باشقىلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلمەيدۇ﴾.

كاھىننىڭ قېشىغا بېرىش ـ گەرچە ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمىگەندىمۇ ـ ھارام، شۇ سەۋەبلىك كاھىننىڭ قېشىغا بارغۇچىنىڭ **40** كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر كاھىننىڭ قېشىغا بېرىپ بىرەر نەرسە سورىسا ئۇنىڭ **40** كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ». [مۇسلىمدىن]

ئەگەر ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە كاپىر بولىدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر



http://nurislam.cn

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كاھىننىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان قۇرئان كەرىمگە كاپىر بولغان بولىدۇ». [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 18 ـ سۇغا دەمدەپ قىلىپ كېسەلگە ئىچۈرسە بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ، ئۇنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق، بەلكى ئەھلى ئىلىملەر مۇستەھەب دەپ قارىغان. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

## 19 ـ كېسەلگە دۇئا ئوقۇشنىڭ ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يېزىپ كېسەلنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ سېھرى بىلەن ياكى باشقا كېسەللەر بىلەن ئاغرىغان بىمارلارغا پەقەت قۇرئان كەرىمدىن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئوقۇغان دۇئالىرىدىن ئوقۇسا كېرەك يوق.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يېزىپ كېسەلنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئەھلى ئىلىملەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، ئۇلاردىن دۇرۇس دېگەنلىرىمۇ بولدى، چەكلىگەنلىرىمۇ بولدى، قىسقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللەرگە دۇئا ئوقۇغانلىقى مەلۇم، ئەمما يېزىپ ئېسىپ قويغىنىنى مەلۇم ئەمەس، شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يېزىپ كېسەل ئادەمنىڭ بوينىغا ياكى قولىغا ئېسىپ قويۇش ياكى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا بېسىپ قويۇش قاتارلىق ئىشلار چەكلەنگەن ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 20 ـ ئادەمگە كۆزتېگەمدۇ، تەگسە قانداق چارە قىلىنىدۇ، كۆزتېگىشتىن ھەزەر قىلىش تەۋەككۇلغا زىتمۇ؟

ـ كۆز تېگىشنىڭ ھەقلىقى شەرىئەت تەرەپتىن ئىسپاتلانغان، بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن

سىنى يېقتىۋېتىشكە تاسقالادۇ﴾ [سۈرە قەلەم، 50 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۆز تېگىش بار ئىش، ئەگەر بىرەر ئىش تەقدىردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئىش بولسا ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئېشىپ كېتەتتى، ئەگەر سىلەردىن يۇيۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا يۇيۇپ بېرىڭلار» [مۇسلىمدىن]

ئۇنىڭ چارىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، كۆز سالغۇچىنىڭ بىرەرئەزاسىنى يۇيۇپ كۆزتەككۈچىنى يۇيۇش.

كۆزتېگىشتىن قېچىش تەۋەككۇلگە زىت ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 21 ـ ۋەسىلە قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ۋەسىلە قىلىش ئىككى تۈرگە بولىنىدۇ:

1 ـ يوللۇق ۋەسىلە: يەنى الله تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن ۋەسىلە قىلىش. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، الله قا شۇ ئىسىملىرى بىلەن دۇئا قىلىڭلار﴾.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان: «ئى الله! مەن سېنىڭ بەندەڭ، سېنىڭ بەندەڭنىڭ ۋە سېنىڭ چۆرەڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكولام سېنىڭ قولۇڭدا، مېنىڭ توغرامدىكى ھۆكمىڭ ئىجرا بولغىچىدۇر، مېنىڭ توغرامدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ ئادىلدۇر، ئى الله! مەن سەندىن سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى خەلقىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ۋە ياكى ھۇزۇرىڭدىكى غەيبىي ئىلىملەر قاتارىدا ئېلىپ قويغان تامامى ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتىدىن قۇرئان كەرىمنى قەلبىمنىڭ باھارى قىلىپ بېرىشىڭنى سورايمەن...».

الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشمۇ ئىسىملىرىنى ۋەسىلە



http://nurislam.cn

قىلىشقا ئوخشاش دۇرۇس، مەسىلەن: (ئى الله ! سېنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىڭنىڭ ۋە يۈكسەك سۈپەتلىرىڭنىڭ ھۆرمىتىدىن... سورايمەن) دەپ ئىلتىجا قىلىش ۋەسىلەدۇر.

الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىش، مەسىلەن: (ساڭا كەلتۈرگەن ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە كەلتۈرگەن ئىمانىمنىڭ ھۆرمىتىدىن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن...) دۇرۇس.

الله نىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش، بۇنىڭغا غار ئىچىگە قاپسىلىپ قالغاندا، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ قىلغان ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى دەلىل بولالايدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە: ئۈچ كىشى غارئىچىدە پاناھلانماقچى بولۇپ كىرگەن، شۇ ئەسنادا غار ئېغىزىنى غايەت زور بىردانە قورام تاش توسىۋالغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ الله تىن نىجاتلىق تىلىگەن، ئىككىنچىسى ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن ئىپپىتىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ الله تىن نىجاتلىق تىلىگەن، ئۈچىنچىسى ياللاپ ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ قويغانلىقىدەك ياخشىلىقىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ الله تىن نىجاتلىق تىلىگەن، الله ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانى كۆتۈرۈۋەتكەن.

دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتىلىدىغان بىرەر ياخشى كىشىنىڭ دۇئاسىنى الله قا ۋەسىلە قىلىش، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىپ بېرىشىنى سورىشاتتى، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە، بىر ئادەم جۈمە كۈنلۈكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبە ئوقۇۋاتقان چېغىدا مەسجىتكە كىرىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! مال ـ چارۋىلار تۈگىشەپ كەتتى،

يولـلار ئۈزۈلـۈپ قالدى، الله قا دۇئا قىلساڭ يـامغۇر يـاغدۇرۇپ بەرسە دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇئان قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى الله! يـامغۇر يـاغدۇرۇپ بەرگىن» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپلا يـامغۇر ياغقان، كېلەركى جۈمە كۈنى ھېلىقى ئادەم يەنە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يـامغۇرنىڭ توختىشىغا دۇئا قىلىپ بېرىشنى سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن يېغىۋاتقان يامغۇر توختىغان».

2 ـ يولسىز ۋەسىلە: يەنى ئۆلۈكلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىپ بېرىشنى سوراش، چۈنكى ھايات ئادەمنىڭ ئۆلۈكلەردىن الله قا دۇئا قىلىپ بېرىشنى سوراش تولىمۇ ئەخمىقانىلىكتۇر. ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمەلى توختايدۇ، ئۇنىڭ بىرەر كىمگە دۇئا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ـ ۋاپاتىدىن كېيىن ـ بىرەر كىشى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار الله تائالاغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ـ ۋەسىلە قىلىشمىغان، بەلكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە قۇرغاقچىلىق ئاپەتى بولغاندا: «ئى الله! بىز ئىلگىرى سەندىن پەيغەمبىرىمىزنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ ـ سۇ ـ تەلەپ قىلاتتۇق، بىزنى سۇغىراتتىڭ، ئەمدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنى ۋەسىلەقىلىپ تۇرۇپ سورىيمىز، بىزنى سۇغارغىن» دېيىشكەن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ الله قا دۇئا قىلغان، مۇبادا ئۆلۈپكەتكەنلەرنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش دۇرۇس بولغاندا ئىدى ئۆمەر ۋە ئۆمەر بىلەن بىرگە تۇرغان ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بېرىشنى رەسۇلۇللاھتىن سوراشقان



http://nurislam.cn

بولاتتى، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسى ئاباسىنىڭ دۇئاسىغا قارىغاندا ئىجابەت بولۇشقا يېقىنراق ئىدى.

يەنە بىر دۇرۇس بولمايدىغان ۋەسىلىنىڭ بىرسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش، مەسىلەن: (ئى الله! پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن پالان ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ بېرىشىڭنى سورايمەن) دېيىش، ناتوغرا ۋەسىلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر ۋەسىلە قىلماقچى بولسىڭىز پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ئىمانىڭىزنى، مېھرى مۇھەببىتىڭىزنى ۋەسىلە قىلىڭ، مانا بۇ توغرا، مەنپەئەتلىك ۋەسىلەدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## 22 ـ الله تائالانىڭ ئىنسان يارىتىشتىكى مەقسىتى نېمە؟

ـ الله تائالا جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى بۈيۈك ھېكمەت، ئۇلۇغۋار ئۈچۈن ياراتقان، ئۇ بولسىمۇ الله قا ئىبادەت قىلىشتۇر، بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم﴾.

يەنە مۇنداق مۇنداق دېگەن: ﴿بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟»﴾.

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾.

قۇرئان كەرىمدە، الله تائالانىڭ ئىنسانلارنى ئىبادەت قىلىشتىن



http://nurislam.cn

ئىبارەت بۈيۈك بىر ھېكمەت ئۈچۈن ياراتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىدىغان دەلىللەر كۆپ.

## 23 ـ ئۇنداق بولسا ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ـ ئىبادەت دېگەن: شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن يول ئاساسىدا بۇيرۇملىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن ئۇزۇل كىسىل يېنىش ئۈچۈن پۈتۈن مۇھەببىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى بېغىشلىغان ھالدا اللە قا بويسۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبادەت دېگەن: اللە ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان، اللە تىن قورقۇش، ئەيمىنىش، اللە قا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە ئىسلامىيەتنىڭ باشقا ھەربىر چوڭ ـ كىچىك بۇيرۇملىرىغا ئوخشاش زاھىرى ۋە باتىنى گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىي بىرئاتالغۇسىدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**24** ـ بېشىغا بىرەر مۇسىبەت چۈشكەندە ئۆلۈپكەتكەن ياكى كۆزئالدىدا بولمىغان ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلەش: چوڭ شېرىك بولۇپ مەدەت ـ ئىستىئانەت تىلىگۈچىنى دىندىن چىقىرىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللە نى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولىسەن. ئەگەر اللە ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز اللە دىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر اللە ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، اللە نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، اللە پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ. اللە (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر﴾. [سۈرە يۇنۇس 106 ـ 107 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:



http://nurislam.cn

«بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭ اللە دىن سورا، ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ اللە دىن تىلە» دېگەن. [تىرمىزىدىن]

بېشىغا بىرەر مۇسىبەت چۈشكەندە ئابدۇلقادىر جىلانىدىن ياكى پەيغەمبىرىمىزدىن ۋە ياكى ئاللاكىملەردىن مەدەت ـ ئىستىئانەت تىلىگۈچى تەۋبە سىز دۇنيادىن كېتىپ قالسا مەڭگۈ دوزاختىن چىقالمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

## 25 ـ هايات كىشىلەردىن ياردەم تىلەشكە بولامدۇ؟

ـ شۇنداق، سورىماقچى بولغان ياردەم قولىدىن كەلسە، ئەلۋەتتە ياردەم سوراشقا بولىدۇ، بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾. [سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە ئۆز قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولغان بەندىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ» دېگەن.

بىراق شىپالىق، رىزىق ۋە ھىدايەتكە ئوخشاش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى (بەندىدىن) سوراشقا بولمايدۇ، بۇ ھەقتە اللە تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ». [سۈرە شۇئەرا 78 ـ 79 ـ 80 ـ ئايەت]

## 26 ـ مەن بىر ھەدىستىن «مۇھەممەد ئىسمىلىك كىشىنى ئۇرماڭلار ۋە تىللىماڭلار» دېگەن سۆزنى ئوقۇغان ئىدىم، بۇ ھەدىسنىڭ سەھىلىك دەرىجىسى قانچىلىك؟

ـ بۇ ھەدىس يالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت ۋە ئۇنىڭ پاك سۈننەتتە ھېچقانداق ئاساسى يوق. بىركىشىنىڭ ئىسمىنىڭ



http://nurislam.cn

«مۇھەممەد» بولغانلىقى ئۈلۈغلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، كىشىنى ئىسىم ئەمەس ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋادارلىق پاكلايدۇ. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

## 27 ـ كىشىنىڭ شېرىك ئەمەللەرنى بىلمەسلىكى ئۆزرە بولالامدۇ؟

ـ ئۆزرە بولالمايدۇ، بىلمىسىز ئادەمنىڭ ئۆز نادانلىقىدا تۇرۇپ قېلىشى دۇرۇس ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن سوراپ بىلگەندىن كېيىن قىلىش لازىم. الله تائالا ھەربىر ئادەمگە ئىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى پەرقلەندۈرگىدەك ئەقىل بەرگەن، بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى نادانلىقنىڭ پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرىش بىلگەنلەرنىڭ بۇرچى، بىلمىگەنلەر بىلىشكە، ئىزدىنىشكە ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدىمۇ، دىن ئىشلىرىدىمۇ ئەيىب سانىلىدىغان بىلمەسلىككە خاتىمە بېرىشى، ھالال ـ ھارام توغرۇلۇق سوراپ تۇرۇشى لازىم، ئىلىم ئىبادەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىلمىگەنلىرىڭلارنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار﴾. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

## 28 ـ بەزىبىر كىشىلەر ئىمان دىلدا بولسا كۇپايە دېيىشىدىكەن، شۇ توغرىمۇ؟

ـ ئۇ جەھەرىيەلەرنىڭ قارىشى، بىز ئەھلى سۈننەت ۋەل جەمائەلەرنىڭ قارىشىدىكى ئىمان: دىلدا ئېتىقاد قىلىنىدىغان، تىلدا سۆزلىنىدىغان ۋە ئەركانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىنىدىغان ئىماندۇر. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

## 29 ـ ئەھلى سۈننەت ۋەل جەمائەلەر دېگەن كىملەر؟

ـ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت



http://nurislam.cn

ئېگىلىرىدۇر. «سۈننەت» دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ ـ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە ئېتىراپ قىلغانلىرىدۇر. ئەھلى سۈننەت دەپ ئاتىلىشى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە نىسبەت بېرىلگەنلىكىدىندۇر.

«جامائە» دېگەن: ئادەملەر توپىدىن شەكىللەنگەن بىر گۇرۇھتۇر. «ئەھلى سۈننەت ۋەل جەمائەلەر» دېگەندىن: قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھتا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت ئۈستىدىكى ساھابە ۋە شۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغان تابىئىنلار كۆزدە تۇتىلىدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**30 ـ مۆئمىن ئادەم گۇناھ سەۋەبلىك كاپىر بولمايدۇ، ئۇ اللە نىڭ خاھىشىغا باغلىق، اللە خالىسا ئەفۇ قىلىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ.** [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

http://nurislam.cn

## ئىككىنچى ئايالالر ۋە تاھارەت توغرىسىدا

**40** جاۋاب بار:

**1** ـ تاھارەت ئالغۇچى ياكى غۇسلە قىلغۇچى سۇنىڭ تېرە بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشنى چەكلەيدىغان ھەرقانداق بىرنەرسىنى يوقىتىش لازىم.

الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلاربىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلەر﴾ دېگەن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇلار تاھارەت ئالغاندا يۇغان ئەزالىرى نۇرانە ھالەتتە كېلىدۇ» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**1** ـ ھەيزدار ئايال ناماز ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن تىرناق بوياقلىرىنى ئىشلەتسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**2** ـ تاھارەت ئالماقچى ياكى غۇسلە قىلماقچى بولغاندا، تىرناقتىكى بوياقلارنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم، چۈنكى ئۇ، سۇنىڭ تىرناق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشنى چەكلەيدۇ.

**3** ـ مۇلاھىزە ئەگەر تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تىرناقنى بويىغان بولسا ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**4** ـ پۇتىغا ياكى قولىغا ياققان خىنىنىڭ تېرىگە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان ماددىسى بولسا، تاھارەت ئېلىشتىن ياكى غۇسلى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم، بىراق پۇت ـ قولدا قېلىپ قالغان دېغى

تاھارەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دېغى سۇنىڭ تېرىگە ئۆتۈشىنى چەكلىيەلمەيدۇ.

(سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتى)، تۆۋەندە قىسقارتىپ "پەتىۋا كومىتېتى" دەپ ئېلىنىدۇ.

5 ـ خېنە يېقىلغان چاچقا مەسھى قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما غۇسلىدا باشنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇش لازىم. مەسھى قىلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

6 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غۇسلە قىلغان چاغدىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ: «بارماقلىرىنى چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزەتتى، ئاندىن كېيىن بېشىغا ئۈچۇملاپ ئۈچ قېتىم سۇقۇياتتى» دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

7 ـ بىرەر قىينىچىلىق بولسا ياكى ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ قالسا ۋە ياكى تارتىۋېتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ياغلىق ئۈستىگە مەسھى قىلىش جايىز. ئۇنداق بولمىسا مەسھى قىلمىغان ياخشى.

ئىمام بۇخارىرى ۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئەمرۇبنۇ ئۇمەييە: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىسىگە ۋە ئۆتۈكىگە مەسھى قىلغانلىغىنى كۆردۇم» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

**8** ـ چاچنىڭ بەزىسىنى بۇياش: تىرىگە سۇ ئۆتۈشىنى توسمىسا، پەقەت خىنىگە ئوخشاش بوياقلار بىلەن بويالسا كېرەك يوق، موبادا باشقا مەسىھى قىلغاندا ئاياكى باشنى يۇغاندا چاچقا سۇ ئۆتكۈزمىسە بۇياشقا بولمايدۇ. چاچنى قارارەڭدە بۇياشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرسىنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپ: «بۇئاق چاچلارنى ئۆزگەرتىڭلار، قاراقىلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن. [شەيخ ئىبنى مۇنىئ]

**9** ـ چاچنى مايلاش ۋە لەۋسۇرۇخ سۈرۈش تاھارەتنى سۇندۇرامدۇ؟

ـ تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**10** ـ تاھارەت ئالغاندا سۇنىڭ تېرىگە ئۆتۈشىنى چەكلەيدىغان ماددىسى بولسىچۇ؟

ـ ئەگەر تاھارەت ئالغاندا يۇيۇشقا تېگىشلىك ئەزالار ئۈستىدىكى ماي، سۇنىڭ تىرىگە ئۆتۈشكە توسالغۇ بولدىغان، قويۇقلۇق دەرىجىسى يوقىرى ماي بولسا، ئۇنى تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى چىقىرىپ تاشلاش لازىم. ئەگەر ماينىڭ ئۇنداق تەركىبلىرى بولمىسا كېرەك يوق. بىراق ئەزالارنى يۇغاندا سۇنىڭ يوقۇشمايلا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەزالارنى قول بىلەن سىلاپ يۇيۇش كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**11** ـ تازىلىق ـ ئىستىنجا ـ قىلغاندا لۆڭگە ئىشلەتسە بولامدۇ؟

ـ شۇنداق، تازىلىق قىلغاندا لۆڭگە ئىشلەتسە بولىدۇ، تازىلىق قىلىش نىجاسەتنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر. نىجاسەتنى يوقىتىش مەيلى لۆڭگە بىلەن بولسۇن، مەيلى لاتا بىلەن بولسۇن ياكى توپا، تاش دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن بولسۇن بۇنىسى بەرىبىر. بىراق سۆڭەك، تېزەك دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن تازىلاشقا بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

## نىجاسەتنىڭ ئەھكاملىرى

**12** ـ ناماز ئوقۇۋېتىپ كىيىمدە بىرەر نىجاسەتنىڭ بارلىقىنى كۆرسە دەرھال نامازدىن چىقىپ، شۇ نىجاسەتنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن نامازنى يېڭىدىن باشلاپ ئوقۇشى كېرەك. اللّٰه تائالا: ﴿كىيىمىڭنى پاك تۇت﴾ دېگەن. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**13** ـ ناماز ئىچىدە تۇرۇپ كىيىمدە نىجاسەت بارلىقىدىن شەكلەنسە تاكى شۇنجاسەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ قىلغانغا قەدەر نامازدىن چىقىپ كەتمەسلىك كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

**14** ـ ناينا ماز ۋە ئەدىيال قاتارلىقلارغا نىجاسەت يوقۇپ قالسا، بىرەر نەرسە بىلەن سۈرتىۋېتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، سۇيدۇككە ئوخشاش نىجاسەتلەرنى سۇ قۇيۇپ ئېقىتىپ يۇيۇش كېرەك، ئەگەر يوقۇپ قالغىنى چوڭ تەرەتكە ئوخشاش نىجاسەت بولسا ئۇنى پاك ـ پاكىزە چىقىرىۋېتىپ سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلاش لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

**15** ـ بەدەنگە ياكى كىيىمگە قۇرۇق نىجاسەت يوقۇپ قالسا، شۇنىڭدەك قۇرۇق مۇنچىغا قۇرۇق تاپان بىلەن كىرسە ھېچ بىر زىيىنى يوق، چۈنكى نىجاسەت پەقەت ئۆزىنىڭ ھۆللىكى بىلەنلا يوقىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**16** ـ پاك كىيىمنى ناپاك كىيىم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇشقا بولامدۇ؟

ـ ئەڭ ياخشىسى ناپاك كىيىمنى يېتەرلىك سۇ بىلەن ئايرىم يۇيۇش كېرەك. ئەگەر پاك كىيىم ناپاك كىيىم بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، نىجاسەتنى يوقىتالايدىغان ۋە نىجاسەت بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان كۆپرەك سۇ بىلەن يۇسا كىيىملەرنىڭ ھەممىسى پاك بولىدۇ. [شەيخ



http://nurislam.cn

ئىبنى باز]

17 ـ تاھارەت ئالغۇچىنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ بەدىنىدىكى نىجاسەتنى يۇيۇش، تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ، ئەمما ئەۋرەتنى تۇتۇش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەۋرىتىنى تۇتقان كىشى تاھارەت ئالسۇن» دېگەن. [پەتىۋا كومىتېتى]

18 ـ نىجاسەت بار جايدىن ئۆتكەندە كىيىمنىڭ پېشىگە نىجاسەت يۇقۇپ قالسا، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

ـ ئۇنىڭ ھۆكمى بىر جۇپ كەشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، نىجاسەت ئۇستىدىن ئۆتكەندىن كېيىن پاك تۇپراقتا يوقۇشۇپ ئۆتسە پاك بولىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم]

19 ـ قان نىجىسمۇ ياكى پاكمۇ؟

ـ چوشقا، ئىت دېگەن دەك نىجىس ھايۋانلاردىن چىققان قان مەيلى ئازبولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن ئوخشاشلا نىجىستۇر.

تىرىكلىكىدە پاك ھايۋاننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن چىققان قېنى نىجىس. بىراق قويغا ئوخشاش ھايۋاننىڭ ئازغىنا قېنى ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، «ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر»﴾.

20 ـ ئىتنى تۇتقان سەۋەبلىك قول نىجىس بولامدۇ؟

ـ ئەگەر ئىت يۇتقان قول ھۆل بولسا، كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ



http://nurislam.cn

قارشىدا نىجىس بولىدۇ، يەتتە قېتىم يۇيۇش ۋاجىپ، يەتتە قېتىمنىڭ بىرى توپا بىلەن بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## تاھارەتنىڭ ئەھكاملىرى

21 ـ ئايال كىشىنىڭ تاھارەت ئالغاندا (مەيلى چېچىنى تۈرمەللىۋالغان بولسۇن، مەيلى تۈرمەللىۋالمىغان بولسۇن) چېچىغا مەسھى قىلىشى جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

22 ـ ئەۋرەتنى بىۋاستە تۇتۇش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، تۇتۇلغۇچى مەيلى چوڭ بولسۇن مەيلى كىچىك بولسۇن. [پەتىۋا كومىتېتى]

23 ـ ئايال كىشىنىڭ جىنسىي يولىدىن ھاۋا چىقسا تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇ نىجاسەت چىقىدىغان يەردىن چىقمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

24 ـ ئايال كىشىنى تۇتۇش: توغرىسى تاھارەت سۇندۇرمايدۇ، مەيلى ئۇ يات ئايال بولسۇن، مەيلى ئۆز ئايالى بولسۇن، مەيلى شەھۋەت بىلەن تۇتسۇن، مەيلى شەھۋەتسىز تۇتسۇن، مەزى چىقمىسىلا تاھارەت سۇنمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

25 ـ جۇنۇپ ئادەمنىڭ غۇسلى قىلماي تۇرۇپ ھەرقانداق ئۇسۇلدا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشى جايىز ئەمەس.

ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇپ بولۇپ قالمىسىلا بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى». [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

26 ـ ئايال كىشىنىڭ جىنسىي يولىدىن داۋاملىق ھاۋا چىقسا، ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە تاھارەت ئېلىشى ۋاجىپ، ئەگەر ناماز غا تۇرۇپ



http://nurislam.cn

بولغاندا ھاۋا كېلىپ توختىتىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

27 ـ تاھارەتتە ئايال كىشىنىڭ بېشىغا مەسھى قىلىشى، ئەر كىشىنىڭ مەسھى قىلىشىغا ئوخشاش. ئايال كىشى بېشىغا بىر پۈتۈن، چاچ چىققان يەرنىڭ ئاخىرغىچە مەسھى قىلىشى كېرەك. چاچنىڭ ئۆرۈلگەن قىسمىغا مەسھى قىلىش مۇستەھەپ. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

28 ـ رەڭ ياكى لاي ۋە ياكى ئوت چۆپ ئارىلىشىپ قالغان سۇ ئۆز تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغانلار بولسا، تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سۇنى پەقەت رەڭگىنى، تەمىنى ۋە پۇرىقىنى ئۆزگەرتكەن نەرسىلا نىجىس قىلىدۇ». [شەيخ ئىبنى باز]

29 ـ ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئىستىنجا قىلىش شەرت ئەمەس، ئىستىنجا قىلىش چوڭ ـ كىچىك تاھارەت سۇندۇرغان ۋە ئۇ ئىككىسى يوقۇپ قالغاندا ئاندىن ئىستىنجا قىلىش ۋاجىپ. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا يەل قويۇپ بېرىش، ئەۋرەت تۇتۇش ۋە ئۇخلاش قاتارلىقلارغا ئىستىنجا قىلىش شەرت ئەمەس، يۇقىرىقىلارغا شەرئى تاھارەتلا كۇپايە. [شەيخ ئىبنى باز]

30 ـ تاھارەت ۋە ناماز ئۈچۈن نىيەتنى تەلەپپۇز قىلىش بىدئەت، چۈنكى نىيەتنى تەلەپپۇز قىلىش نە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، نە ساھابە كىراملاردىن نەقىل قىلىنغان ئەمەس. نىيەتنىڭ ئورنى دىل (تاھارەت ئېلىشنى ياكى ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم) دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

32 ـ مۇگدەش تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ: ئەمما ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ۋە بولغان ئىشلارنى سەزمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر ئۇخلاش



http://nurislam.cn

تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

33 ـ پاكلىقىغا شەك بار يەرگە جايناماز سېلىشنىڭ ھۆكمى:
مۇبادا يەر نىجىس بولۇپ قالسا ئۈستىگە بىرەر نەرسە سېلىپ ئاندىن ناماز ئوقۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ، نىجاسەت بىلەن ناماز ئوتتۇرىسىدا پاك توسالغۇ شەكىللەندۈرىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

34 ـ تاھارەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئەۋرەتنى يېپىش شەرتمۇ؟

ـ تاھارەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئەۋرەتنى يېپىش شەرت ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

35 ـ مېيىت يۇيۇش تاھارەتنى سۇندۇرامدۇ؟

ـ تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ، بىراق مېيىت يۇغۇچى مېيىتنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارىتى سۇنىدۇ. يۇغۇچى مېيىتنىڭ ئەۋرىتىنى بىۋاسىتە تۇتماسلىقى كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

36 ـ چاچقا خېنە چېپىش تاھارەتنى سۇندۇرامدۇ؟

ـ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چاپسا تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ. چاچقا خېنە ئۈستىدىن مەسھى قىلىنسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

37 ـ ساقلىق ساقلاش سايمانلىرىنى تۇتۇش ۋە مۇنچىنىڭ تېگىگە يالاڭ ئاياق دەسسەش قاتارلىقلار تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

39 ـ چىش ئارىلىقلىرىدا قېلىپ قالغان تاماق قالدۇقلىرىنى، تاھارەت ئېلىشنىڭ ئالدىدا ئېلىۋېتىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ تاھارەت ئېلىشنىڭ ئالدىدا چىش ئارىلىقلىرىدىكى قالدۇق



http://nurislam.cn

تاماقلارنى ئىلىۋېتىش ۋاجىپ ئەمەس. بىراق تاماقتىن كېيىن چىش ئارىلىقلىرىنى تازىلاش ياخشى خىسلەت ۋە چىش، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**40 ـ تاھارەت ھۆشسىزلىنىش سەۋەبلىك سۇنامدۇ؟**

ـ شۇنداق، ھۇشسىزلىنىش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

## ئۆچىنچى ئاياللار ۋە غۇسلى توغرىسىدا

27 ـ جاۋاب بار

1 ـ ھەيزدار ئايال، ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن غۇسلە قىلىش ئۈچۈن چېچىنى چۇۋۇش ۋاجىپ ئەمەس، لېكىن ئېھتىيات يۈزىسىدىن ۋە ئىختىلاپتىن يىراق بولۇش ئۈچۈن چېچىنى چۇۋۇش ياخشى. [پەتىۋا كومىتېتى]

2 ـ جىنابەتتىكى ئايال چېچىنىڭ پەقەت ئۈستى قىسمىنىلا يۇيۇپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى چاچنىڭ تېگىگە چوقۇم سۇ يەتكۈزۈش لازىم.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «كىمكى جىنابەت ئۈچۈن غۇسلە قىلغاندا چېچىنىڭ ئورنىنى يۇماي تاشلاپ قويسا مۇنداق ـ مۇنداق قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەربىر تال چاچنىڭ ئاستى جىنابەتتۇر»، دېگەن. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

3 ـ ئەگەر چاچ ئۆرۈپ قويۇلغان بولسا، غۇسلى قىلىش ئۈچۈن ئۇنى چۇۋۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، لېكىن چاچنىڭ ھەممىگە سۇ يەتكۈزۈش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

4 ـ ئايال كىشى ئېھتىلام بولۇپ ئويغانغاندىن كېيىن بىرەر ھۆللۈكنى بايقىمىسا غۇسلى ۋاجىپ بولمايدۇ.

5 ـ ئەگەر بىرەر ھۆللۈكنى بايقىسا غۇسلى قىلىش ۋاجىپ.



http://nurislam.cn

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، چۈشىدە ئەرلەر كۆرگەننى كۆرگەن ئايالالار ھەققىدە: «غۇسلە قىلىدۇ» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**6** ـ ئىلگىرى ئېھتىلام بولغان كىشى: ئەگەر بىرەر ھۆللۈكنى بايقىمىغان بولسا ھېچ گەپ يوق. مۇبادا بىرەر ھۆللۈكنى بايقاپ قالغاندا بولسا، غۇسلىسىز ئوقۇغان نامازلىرىنى ھېسابلاپ قايتا ئوقۇيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**7** ـ جىنسىي ئالاقەسىزمۇ مەنىي ھۆزۈر بىلەن چىقسا غۇسلى قىلىش ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**8** ـ ئەگەر بىرەر ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىپ چۈش كۆرسە ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيقۇلۇق كىشىدىن تەكلىپ كۆتۈرۈۋېتىلگەن. [پەتىۋا كومىتېتى]

**9** ـ ئايال كىشى ئىستىنجا قىلىش ئۈچۈن ياكى مەلھەم قويۇش ئۈچۈن ياكى ئاياللار كىيسەللىكىنى بىلىش ئۈچۈن ۋە ياكى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى سېلىش ئۈچۈن جىنسىي يولىغا قولىنى كىرگۈزسە غۇسلى ۋاجىپ بولمايدۇ، پەقەت تاھارەت ئېلىش ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**10** ـ بىرەر ئايال ئۆزىنىڭ جۈنۈپ ئىكەنلىكىدىن شەكلەنسە: ئۇ ئايالغا نوقۇل شەكلىنىش بىلەنلا غۇسلى ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالدا ئەسلىدىنلا جىنابەت مەۋجۇت ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**11** ـ جۈنۈپ ئادەم تاھارەتسىز ئۇخلىسا گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇخلاشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىۋېتىشى ئەۋزەل، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان ۋە شۇنىڭغا بۇيرۇغان. [پەتىۋا كومىتېتى]

**12** ـ بىرەر ئادەمگە بىر قانچە قېتىم غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولۇپ



http://nurislam.cn

قالسا، غۇسلىنىڭ ۋاجىبلىرىنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ بىرلا قېتىم غۇسلى قىلسا كۇپايە. [پەتۋا كومىتېتى]

13 ـ جۇنۇپ ئادەمنىڭ بەدىنى پاك، ئۇنداقكەن قازان ـ قومۇچ، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تۇتسا بولىدۇ، ئۇ نەرسىلەرمۇ جۇنۇپ ئادەمنىڭ تۇتۇپ قويۇشى بىلەن ناپاك بولۇپ قالمايدۇ. ھەيزدارۋە نەپاسدارلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. [پەتۋا كومىتېتى]

14 ـ غۇسلى تاھارەتكە كۇپايە قىلامدۇ؟

ـ غۇسلى قىلغۇچى چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن ۋە كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىشنى نىيەت قىلسا ھەر ئىككىسىگە كۇپايە قىلىدۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن ئاۋۋال ئىستىنجا قىلىش ئاندىن تاھارەت ئېلىش ئاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش ئەۋزەل، ھەيزدا ۋە نىپاسدار ئاياللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

15 ـ ئەر ـ ئال جىنسىي ئالاقە قىلىپ مەنيي تۆكمىگەن بولسىمۇ غۇسلى قىلىش ۋاجىب بولامدۇ؟

ـ شۇنداق، مەنيي تۆكسۇن تۆكمىسۇن، غۇسلى قىلىش ۋاجىب. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايالنىڭ ئىككى قول، ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ كۆرەش قىلغان بولسا، غۇسلە قىلىش ۋاجىب»، دېگەن. [شەيخ ئۇسەيمىن]

16 ـ جىنابەت غۇسلىسىنىڭ غەيرى (جۇمئىنىڭ، پاكىزلىقنىڭ ۋە سالقىنداشنىڭ) تەرتىپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن تاھارەتكە كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى تەرتىپ تاھارەتنىڭ بىر پەرزى. [شەيخ ئىبنى باز]

17 ـ قۇچاقلاشقان ياكى سۆيۈشكەن سەۋەبلىك غۇسلى ۋاجىب بولامدۇ؟

ـ ئەر ـ ئايال ھەرئىككىلىسىگە نوقۇل قۇچاقلاشقان ياكى



http://nurislam.cn

سۈيۈشكەن سەۋەبلىك غۇسلە ۋاجىب بولمايدۇ، بىراق مەنىي كەلگەن بولسا غۇسلى قىلىش لازىم. [شەيخ ئۇسەيمىن]

**18** ـ ئەر ـ ئايالنىڭ جىنسىي ئەزالىرى ئۆزئارا تېگىشكەن بولسا ـ يۇ، زەكەرنىڭ خەتنىلىكى پېتىپكەتمەستىن، ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىرتىدا مەنى تۆكسە،ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسىگە غۇسلى ۋاجىب بولامدۇ؟

ـ پەقەت ئەرگىلا غۇسلى قىلىش ۋاجىب، مۇبادا زەكەرنىڭ خەتنىلىكى پېتىپلا قالسا ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسىگە غۇسلى قىلىش ۋاجىب. [شەيخ ئۇسەيمىن]

**19** ـ جىنابەتتىن ۋە جىنابەتنىڭ غەيرىدىن كامىل غۇسلى تاھارەت ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى: نىيەت قىلىش، بىسمىللاھ دېيىش، قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش، ئەۋرەتنى ۋە مەنىي يوقۇپ قالغان ئەزالارنى يۇيۇش، كامىل تاھارەت ئېلىش، غۇسلى قىلغاندا ئاۋۋال باشلاپ بېشىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش، چاچنىڭ تېگىنى قېتىرقىنىپ يۇيۇش، ئاندىن كېيىن قالغان ئەزالارنى يۇيۇش، ئاۋۋال ئوڭ تەرەپنى ئاندىن سول تەرەپنى سىلاپ ـ سىيپاشتۇرۇپ يۇيۇش.

**20** ـ جۈمەك ئاستىدا غۇسلى قىلىش جايىز، پۈتۈن بەدەنگە بىر قېتىم بولسىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك سۇ يەتكۈزۈش. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**21** ـ تۇخۇم، لىمون ۋە باشقا يېمەكلىكلەردىن ياسالغان سوپۇنلارنى ئىشلىتىپ غۇسلى قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ چاچنى ياخشىلاش ۋە داۋالاش مەقسىتىدە ئىشلەتسە كېرەك يوق. تۇخۇم، بۇغداي ۋە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن داۋالىنىشتىن چەكلەيدىغان بىرەر ھۆكۈممۇ يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**22** ـ ئۆرىگەن چېچىنى چۇۋىماي غۇسلى قىلسا بولامدۇ؟



http://nurislam.cn

ـ چېچىنىڭ تېگىگە تولۇق سۇ يەتكۈزۈپ ئۈچ قېتىم يۇسا كۇپايە، ئۆرۈلگەن چاچنى چۇۋۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مىنىڭ چېچىم يېرىك، شۇڭا جىنابەتنىڭ غۇسلىسى ئۈچۈن - يەنە بىر رىۋايەتتە ھەيزنىڭ غۇسلىسى ئۈچۈن - چېچىمنى چۇۋامدىم؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، بېشىڭىزغا ئۈچ ئۇچۇم سۇ قۇيسىڭىز كۇپايە» دېدى. [شەيخ ئىبنى باز]

23 ـ جىنابەتتىن غۇسلە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەنىي چىقسا قايتا غۇسلى قىلىش كېرەكمۇ؟

ـ غۇسلى قىلىپ بولغانلا بولسا قايتا غۇسلى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، كېيىن چىققان مەنىي ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ شەھۋەتسىز چىققان، ئۇنىڭ ھۆكمى سۈيدۈكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش، ئىستىنجا قىلىپ تاھارەت ئېلىۋەتسىلا كۇپايە.

24 ـ ئەمما قۇچاقلىشىش ۋە سۆيۈشۈش سەۋەبلىك مەنىي شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقسا قايتا غۇسلى قىلىش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

25 ـ ھەيزنىڭ ياكى جىنابەتنىڭ غۇسلىسىنى كۈن چىققۇچە كېچىكتۈرۈشكە بولامدۇ؟

ـ ئايال كىشى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ھەيزدىن پاك بولسا روزا تۇتۇش كېرەك، غۇسلىنى تاڭ يورۇغىچە كېچىكتۈرسە ھېچقىسى يوق، لېكىن كۈن چىققۇچە كەينىگە تارتىشقا بولمايدۇ، ۋاقتىدا غۇسلى قىلىپ كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بامدات نامازىنى ئوقۇپ بولۇشى كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

26 ـ ئۆرۈلمىگەن ئۇزۇن چاچلىق، ئۆرۈمە چاچلىققا قىياس



http://nurislam.cn

قىلىنامدۇ؟

ـ ئايال جۇنۇپ بولسا ياكى ھەيزدىن پاك بولسا، پاك بولۇش نىيىتى بىلەن مەيلى ئۈزۈن چاچلىق بولسۇن، مەيلى قىسقا چاچلىق بولسۇن، مەيلى چېچى ئۆرۈلگەن بولسۇن، مەيلى ئۆرۈلمىگەن بولسۇن، پۈتۈن بەدىنى ۋە چېچىنى ئومۇمىي يۇزلۇك يۇيۇش ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

27 ـ كىشى غۇسلىنىڭ باش ـ ئاخىرىدا نېمە دەيدۇ؟

ـ غۇسلىنىڭ ئەۋۋىلىدە "بىسمىللا" دەيدۇ. ئاخىرىدا "اللە دىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوق ۋە ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى اللە! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ۋە پاكلانغۇچىلاردىن قىلغىن" دەيدۇ. [شەيخ زان ئىبنى فەۋزان]

28 ـ جۇنۇپنىڭ ۋە ھەيزدارنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان گېزىت، ژورناللارنى تۇتىشى ھارام ئەمەس، چۈنكى ئۇ، قۇرئان ھېسابلانمايدۇ. [شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ناسىر سەئۇدى]



http://nurislam.cn

## ئۆتۈكگە مەسھى قىلىش توغرىسىدا

يەتتە جاۋاب بار

1 ـ ئۆتۈككە مۇقىم بىر كىچە كۈندۈز، مۇساپىر ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەسھى قىلسا بولىدۇ.

2 ـ مەسھىنىڭ مۇددىتى، ئۆتۈكنى كىيىپ تۇنجى قىلغان مەسھىدىن باشلىنىدۇ.

3 ـ ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ شەرتى: ئۆتۈك ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنغان تېرىدىن تىكىلگەن بولۇش. ئۆزى پاك، مەقسەتنى ياپالايدىغان بولۇش. ئۆزى چىداملىق، تاھارەت ئۈستىگە كىيىلگەن بولۇش.

4 ـ ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ شەكلى: قولنى سۇغا تىقىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە مەسھى قىلىدۇ.

5 ـ ئۆتۈككە قىلىنغان مەسھى تۆۋەندىكى تۆت ئىشنىڭ بىرى بىلەن سۇنۇپ كېتىدۇ:

1) پۈتتىن سېلىنىش.

2) جۇنۇپ بولۇپ قېلىش.

3) چوڭراق يىرتىلىپ كېتىش.

4) بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشۇش.

6 ـ ياز كۈنلىرى ئۆزرىسىز پايپاقا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئۆتۈك ۋە پايپاق قاتارلىقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى

http://nurislam.cn

كۆرستىدىغان ھەدىسىنىڭ ئومۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى ياز بولسۇن، مەيلى قىش بولسۇن مەسىھى قىلىش جايىز. [شەيخ ئىبنى باز]

7 ـ پايپاقتا مەسىھى قىلىشنىڭ شەرتى: مەسىھى قىلىنىدىغان پايپاق قىلىن، ئۆلچەملىك ياپالايدىغان بولۇش. مۇبادا نىپىز بولۇپ قالسا مەسىھى قىلىش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

http://nurislam.cn

## ئۆچىنچى ئاياللار ۋە ھەيز توغرىسىدا

**66** جاۋاب بار

**1** ـ ھەيز دېگەن: مۇئەييەن چاغلاردا بەچچىداندىن كېلىدىغان بىرتۈرلۈك قان. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**2** ـ ھەيزنىڭ مۇددىتى: توغرىسى، ھەيزنىڭ ئەڭ ئېزى ۋە ئەڭ كۆپىنىڭ مۇئەييەن مۇددىتى يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**3** ـ يەنە بىر قاراشتا: قىزلار توققۇز ياشتىن بۇرۇن ھەيز كۆرمەيدۇ، چۈنكى قىزلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھامىلىدار بولالمايدۇ، ئەگەر توققۇز ياشقا توشۇپ قان كەلسە ئاز بولسىمۇ ھەيز دەپ قارىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**4** ـ قائىدە: قاچان ھەيز كۆرسە، ھەيزنىڭ ھۆكمى تەتبىقلىنىدۇ، قاچان ھەيزدىن پاك بولسا ئۇنىڭ ھۆكمىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**5** ـ ھەيز توختاپ بەش كۈندىن كېيىن يەنە قان كەلسە: ھەيز دەپ قارالمايدۇ، بەلكى ئۇ بۇزۇق قاننىڭ ھۆكمىدىدۇر، ئۇنداق ئايال نامىزىنى ئوقۇۋېرىشى، روزىنى تۇتىۋېرىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

**6** ـ ھەيز قېنىنىڭ خۇسۇسىيىتى: پۇرىقى بەتبۇي، رەڭگى قارا ۋە قويۇق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**7** ـ ھەيز باشلىنىشىنىڭ ھۆكمى: ھەيز كۆرۈش مۇمكىنچىلىكى بار چاغدا قان كەلسە، قان توختىغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەممىسى ھەيزنىڭ قېنى، تەكرار كېلىشىنى كۈتۈش ھاجەتسىز.

http://nurislam.cn

**8** ـ كەلگەن قان شۈبھىلىك بولۇپ قالسىچۇ؟

ئەسلىدە ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىدىن كەلگەن قان، ئىستىھازەنىڭ قېنى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغىچە ھەيزدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**9** ـ ھەيزدىكى داۋالغۇش: ھەيزنىڭ قېنى بىر كۈندىن ئارتۇق توختىسا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى قان بىردەم كېلىپ بىردەم توختايدۇ، شۇ گا قاننىڭ توختىشى بىلەنلا پاك بولغانلىقنى ئىسپاتلىغى بولمايدۇ، ئەگەر قان بىرەر سائەتتىن ئارتۇق توختىسىمۇ شۇنداق. [شەيخ ئىبنى باز]

بەزى چاغلاردا ھەيزنىڭ قېنى توختاپ غۇسلە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە قان كېلىدۇ: ئەگەر پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن كەلگەن سۈيۈقلۇق سېرىق رەڭدە ياكى تۇتۇق دۇغرەڭدە بولسا ھەيز ئەمەس، ئۇنىڭ ھۆكمى سۈيدۈكنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئۇ ئېنىق قان بولسا ھەيز دەپ قارىلىدۇ. قايتا غۇسلى قىلىشى لازىم. ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇمۇنداق دېدى: «پاك بولغاندىن كېيىن دوغ رەڭلىك ۋە سېرىق رەڭگە پەرۋا قىلمايتتۇق». ‹بۇخارىدىن› [شەيخ ئىبنى باز]

**10** ـ كۆپۈنچە ئاياللاردا ئاق كىر ھەيزدىن پاك بولغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**11** ـ بەزى چاغلاردا ئايال كىشىدىن سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك سۈيۈقلۇق كېلىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئۇ پەقەت يەنە بىر ھەيز كەلگۈچە قۇرۇق تۇرىدۇ، ھەر بىر ئايالنىڭ ھۆكمى باشقا. [شەيخ ئىبنى باز]

**12** ـ ئۇمىد ئۈزۈشنىڭ مەنىسى: قاچان ئايال كىشىنىڭ ھەيزى توختىسا ۋە قايتا ھەيز كۆرۈش ئېھتىماللىقى بولمىسا ئەنە شۇ ئۇمىد ئۈزۈشتۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

13 ـ ھەيزدىن پاك بولۇپ تېخى غۇسلى قىلمىغان ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

الله تائالا بۇ ھەقتە: «ئۇلارغا ـ ھەيزدىن ـ پاك بولغىچە يېقىنچىلىق قىلماڭلار» دېگەن. تەپسىر شۇناسلارنىڭ كۆپۈنچىسى: «پاك بولغىچە» دېگەننى «غۇسلى قىلىپ بولغىچە» دەپ تەپسىر قىلىشقان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

14 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ قۇرئان كەرىم ئايىتى يېزىلغان كىتابلارنى تۇتۇشى جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

15 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ قول ـ پۇتلىرىغا خېنە يېقىشى جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

16 ـ ئەگەر دوختۇرلار ئەكس تەسىرى يوق دەپ يەكۈن چىقارسا، ھەيز كەلتۈرۈش دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

17 ـ ھەيز چەكلەش دورىلىرىنى ئىشلىتىشنىڭ زىيانلىرى: بالا ياتقۇنىڭ زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە قالايمىقان كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. كەلگۈسىدە بوۋاقنىڭ كۆرۈمسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، تېخى توي قىلمىغان بولسا تۇغماس بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

18 ـ رامىزان مەزگىلىدە ۋە ھەج پائالىيىتى قىلىۋاتقاندا، ھەيز چەكلەش دورىلىرىنى ئىشلىتىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

19 ـ دورا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ھەيز: دوختۇر ھەيز دېسە ھەيز، دورىنىڭ ئاسارىتى دېسە ھەيز ئەمەس.

20 ـ ھەيز كېلىشكە سەۋەب قىلغانلىقتىن كەلسە: نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. چۈنكى ھەيزنىڭ قېنى قاچان كۆرۈلسە ئۇنىڭ ھۆكمى شۇئان تېپىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھەيز چەكلەش دورىلىرىنى



http://nurislam.cn

ئىستىمال قىلىپ ھەيز كەلمىسە نامىزىنى ئوقۇپ روزىسىنى تۇتۇۋېرىدۇ. ھۆكۈم ئۆز ئىللىتىنى چۆرىدەپ بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

21 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ ئەتتىگەن ـ كەچتە، ئۇخلاش ئالدىدا، ئويغۇنۇپ ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا تەسبىھلەرنى ۋە ئىلىم ـ پەن، پىقھى، ھەدىس، تەپسىر ۋە باشقا كىتابلارنى ئوقۇشى جايىز. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

22 ـ ئىغىر ـ يېنىك ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە كەلگەن قاننىڭ ھۆكمى: ھەيزنىڭ ھۆكمىدە ئەمەس. بۇ ھەقتە دوختۇرغا مۇراجەت قىلىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

23 ـ دوختۇرنىڭ ھەيزدار ئاياللارغا بەرگەن كۆرسەتمىسى: ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىنچلىقنى ساقلاش، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇش، يەڭگىل ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلارنى ئىستىمال قىلىش، قورساقنى ئۇۋۇ لاشتىن ساقلىنىش، شەخسىي تازلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن ساقلىنىش (بۇ شەرئى جەھەتتىن ھارام) ئىچكى ئەزالارنى يۇيۇپ تۇرۇش. ئىمكان قەدەر دورا ئىشلەتمەسلىك، ئاسپىرىنغا ئوخشاش تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستىمال قىلماسلىق، ئىغىز ۋە چىش تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش.

24 ـ ئاياللارنىڭ ھەيز چەكلەش دورىلىرىنى ئىستىمال قىلىشى تۆۋەندىكى ئىككى شەرت ئاستىدا جايىز: بىرىنچى، ئۆزىگە زىيان يېتىش ئەندىشىسى بولماسلىق، ئىككىنچى ئېرىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

25 ـ ھەيز كەلتۈرۈش دورىلىرىنى ئىستىمال قىلىشتا ناماز ۋە روزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش نىيىتىدە بولماسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېرىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش شەرت، ئەمما ناماز، روزا قاتارلىق ئىبادەتلەردىن قېچىش ۋە تالاق قىلغان ئېرىنىڭ يېنىۋېلىش ھوقۇقىنى



http://nurislam.cn

ياكى جىنسىي مەنپەتنى چەكلەش مەقسىتىدە بولسا ھەيز چەكلەش دورىلىرىنى ئىشلىتىش جايىز ئەمەس [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

26 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ پەرز، نەپلە نامازلارنى ئوقۇشى ھارام، ئەگەر ئوقۇغان بولسا نامىزى ناماز ئەمەس. ھەيز مەزگىلىدە تاشلىنىپ قالغان نامازنىڭ قازاسىنىمۇ قىلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

27 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ پەرز ـ نەپلە روزالارنى تۇتۇشى ھارام، بىراق ھەيزدىن پاك بولغاندا پەرز روزىنىڭ قازاسىنى بىر كۈنگە بىر كۈن تۇتىدۇ.

ئەبى سەئىدىلخۇدۇرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى ھەيز كۆرۈپ قالسا ناماز ئوقۇيالمايدۇ ۋە روزا تۇتالمايدۇ ئەمەسمۇ؟» بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

28 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشى ھارام. ئەمما ساپا مەرۋەنىڭ ئارىسىنى سەئيى قىلىشى، مۇزدەلىپەدە توختىشى ۋە باشقا ھەج پائالىيەتلىرىنى قىلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

«ھەيزدىن پاك بولغىچە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندىن باشقا ھاجىلار قىلىدىغاننى قىلىۋېرىڭ» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

29 ـ ئايال ھەج پائالىيىتىنى تولۇق تۈگەتكەندىن كېيىن، يۇرتىغا چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، ھەيز كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىن ۋىدالىشىش تاۋاپى ساقىت، ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلمايلا چىقىپ كەتسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

30 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ مەسجىدتە تۇرۇشى ھارام ھەتتاكى ھېيت



http://nurislam.cn

نامىزى ئوقۇلىدىغان جايلاردا تۇرۇشمۇ ئوخشاشلا هارام.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنىداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن مەسجىدنى ھەيزدار ۋە جۇنۇپ كىشىلەرگە ھالال قىلمايمەن» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

31 ـ ھەيزدار ئايالنى ئېرىنىڭ جىما قىلىشى ھارام، ئايالنىڭ ئىمكانىيەت يارتىپ بېرىشىمۇ ئوخشاشلا هارام.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەھۇدىيلار ئاياللىرى ھەيز كۆرۈپ قالسا بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىنسىي ئالاقىدىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىڭلار» دېدى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

32 ـ ئەرنىڭ ئايالنى ھەيزدار مەزگىلدە تالاق قىلىش هارام. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

33 ـ ھامىلىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكى بەچچىداننىڭ پاك بولغانلىقىدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

34 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ ھەيزى توختىغاندا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىشى ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## ھەيزگە ئالاقىدار تۈرلۈك مەسىلىلەر

35 ـ كەم زىيادە بولۇش: بىر ئايالنىڭ نورمال ھەيز مەزگىلى ئالتە كۈن بولۇپ يەتتە كۈنگە سوزۇلۇپ كەتسە، ياكى نورمال ھەيز مەزگىلى يەتتە كۈن بولۇپ ئالتە كۈندە ھەيزنىڭ قېنى توختىسا: توغرىسى؛ قاچان قان كۆرسە شۇ چاغدا ھەيزدار ھېسابلىنىدۇ. قاچان ھەيزنىڭ قېنى توختىسا شۇچاغدا پاك بولغان بولىدۇ، مەيلى ئادەتتىكىدىن كەم



http://nurislam.cn

بولسۇن مەيلى ئارتۇق بولسۇن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

36 ـ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇش، مەسىلەن: بىر ئايال ئاي ئاخىرىدا ھەيز كۆرۈپ ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئاينىڭ بېشىدا ھەيز كۆرگەن بولسا، ياكى ئاينىڭ بېشىدا ھەيز كۆرۈپ ئادەتلىنىپ ئاي ئاخىرىدا ھەيز كۆرگەن بولسا. توغرىسى: مەيلى ئىلگىرى بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، قاچان قان كۆرگەن بولسا شۇ چاغدا ھەيزدار، قاچان قان توختىسا شۇ چاغدا پاك بولغان بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

37 ـ سېرىق ياكى تۇتۇق رەڭ: بىرەر ئايال، يارا ئېغىزىدىن چىققان سۇغا ئوخشاش سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى، ياكى سېرىق بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى تۇتۇق (دوغ) رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى كۆرسە، ھەمدە ئۇ ھەيز مەزگىلىدە بولسا ھەيزدۇر، ئەگەر ھەيزنىڭ قېنى توختىغاندىن كېيىن بولسا ھەيز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

38 ـ ھەيز ئۈزۈلۈپ قېلىش: مەسىلەن ھەيزنىڭ قېنى بىر كۈن كېلىپ بىر كۈن كەلمىسە، ئۇنىڭ ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ، بىرى: بۇ ئايالدا دائىم كۆرلىدىغان بولۇپ ئىستىھازە دەپ قارىلىدۇ. ۋە ئىستىھازە نىڭ ھۆكمى تەتبىقلىنىدۇ. يەنە بىرى: داۋاملىق بولمايدۇ، يەنى بەزى چاغلاردا كېلىدۇ، بەزى چاغلاردا كەلمەيدۇ. بۇنىڭ توغرىسى: قاچان ھەيزنىڭ قېنى بىر كۈندىن ئازراق توختاپ، ئاق كىردىن ئىبارەت پاك بولغانلىق ئالامىتى كۆرۈلمىسە ھەيزدىن پاك بولغان بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

39 ـ قاندىكى قۇرۇقلۇق: ھەيز مەزگىلىدە ياكى ھەيزدىن پاك بولۇشنىڭ ئالدىدا پەقەت ھۆللۈكنىلا كۆرگەن بولسا ئۇ ھەيزدۇر. ئەگەر پاك بولغاندىن كېيىن كۆرسە ھەيز ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئاداققى چېكى سېرىق رەڭ بىلەن تۇتۇق رەڭگە قوشۇلۇش، مانا بۇ ئۇنىڭ ھۆكمى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

**40** ـ ئايالنىڭ ھەيزى كېلىۋاتقان مەزگىلدە قان توختاپ قېلىپ كېيىن ئېغىر ـ يېنىك ئەمگەك ۋە باشقا ئىشلار تۈپەيلىدىن قايتا قان كەلسە ئۇ ھەيزنىڭ قېنى ئەمەس، بەلكى بۇزۇق قاندۇر، ئۇ ناماز ۋە روزىدىن توسمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**41** ـ كىمكى ئادەت مەزگىلىنىڭ غەيرىدە قان نوكچىلىرىنى كۆرسە، ئۇ ناماز ۋە روزىنى تەرك ئەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇزۇق قان، ھەيز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**42** ـ ئەگەر مەسجىد بىر قانچە قەۋەتلىك مەسجىد بولسا، ئاستى ياكى ئۈستى قەۋەتلىرىدىكى جامائەت ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىسا ئۇلارنىڭ نامىزى دۇرۇس، ھەيزدار ئايالنىڭ ئۇ يەرگە كىرىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ مەسجىدكە تەۋە. [شەيخ ئىبنى باز]

**43** ـ ئايالالار ھەيز ياكى نەپاس مەزگىلىدە قان توختىتىش دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىپ قان توختىسا ۋە غۇسلە قىلىپ بولسا، پاك ئايالالار ئۆتكەن ئەمەللەر ئۆتىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ نامىزى ۋە روزىسى دۇرۇس بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**44** ـ ئايلىق ھەيز كۆرۈش مەزگىلىدىن بەش كۈن بۇرۇن رەڭلىك سۇيۇقلۇق كېلىدۇ. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ناماز ئوقۇپ روزا تۇتامدۇ؟

ـ ئەگەر ئۇ كۈنلەر ئادەتتە ھەيز كەلمەيدىغان كۈنلەر بولسا كەلگەن سۇيۇقلۇق ھەيز ئەمەس. سىز نامىزىڭىزنى ئوقۇپ، روزىڭىزنى تۇتۇۋېرىشىڭىز لازىم. بىراق ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى ئۇ ھەيزنىڭ ئەمەس سۇيدۇكنىڭ ھۆكمىدە. ئەمما ھېلىقى بەش كۈن ئادەتتە ھەيز كۆرۈدىغان مەزگىلدە بولسا ھەيزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. [شەيخ ئىبنى باز]



http://nurislam.cn

# ئاياللاردىكى ئادەت ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبلىرى

45 ـ ھەيز چەكلەش دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىش: ئۇنداق دورىلار ئاياللار ئادەتنىڭ ئىلگىرى كېيىن، كەم ـ زىيادە كېلىشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

46 ـ ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھالقىسى: ئادەتنىڭ مىقدارىنى ئارايتىۋېتىش بىلەن بىرگە ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە يەتتە كۈن ھەيز كۆرۈشىنىڭ ئورنىغا ئون كۈن ھەيز كۆرىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

47 ـ ماڭا ئادەت كېلىدىغان كۈندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ھەيز كېلىدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئايال كىشى ئۆز ئادىتىنى «سان ياكى رەڭ بىلەن ۋە ياكى ۋاقىت » بىلەن بىلەلىسە، ئادەت مەزگىلىدە نامىزىنى تەرك ئېتىدۇ، ئادەت كۆرگەن كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن غۇسلە قىلىپ ناماز ئۆتەيدۇ. ئادەتتىن ئىلگىرى كەلگەن قان، بۇزۇق قان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇزۇق قان سەۋە بىلىك ناماز بىلەن روزىنى تەرك ئەتمەيدۇ، نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە، قان داغلىرىنى يۇيۇۋېتىپ تاھارەت ئالىدۇ. ئەمدى ھېلىقى قانغا كەلسەك، ئۇ ئىستىھازە دەپ قارىلىدۇ.

(شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن)

58 ـ ئايلىق ئادەت كۈنلىرىدە ئىككى كۈن ھەيز كېلىپلا توختاپ قالىدۇ، تۆتىنچى كۈنى يەنە كېلىدۇ، ئارلىقتا قان توختاپ قالغان ئۈچىنچى كۈنىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئايال كىشى ئۆزىگە تونۇش بولغان ئادەت كۈنلىرىنىڭ ئىچىدىلا بولىدىكەن بەزى كۈنلىرى قان توختاپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن



http://nurislam.cn

ناماز ۋە روزا ساقىت بولىدۇ، كۆپۈنچە ئاياللار پاك بولغاندا كۆرۈدىغان ئاق كىرنى كۆرمىگىچە بىرەر يېرىم كۈن قان توختاش بىلەن ھەيزدىن پاك بولدى دېگىلى بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

**49** ـ جۇنۇپ، ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق: ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئادەملەرنى جۇنۇپ ئادەمگە قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ھەيزدار ئايال بىلەن نىپاسدار ئايالنىڭ ۋاقتى جىنابەتتىكى ئادەمنىڭ ۋاقتىدىن ئۇزاقراق بولىدۇ، جىنابەتتىكى ئادەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا غۇسلى قىلىپ پاك بولالايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**50** ـ ئادەت ۋاقتىدا ۋە باشقا چاغلاردا كېلىدىغان ئازغىنا قاننىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئەگەر بۇ ئەھۋال ئۆزگە مەلۇملۇق بولغان ئادەت كۈنلىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ قالسا ھەيز دەپ قارىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**51** ـ ئاينىڭ ئۆزىدە كەلگەن ۋە ئۈزۈلۈپ قالغان قاننىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ھەيز قاچانلا كەلسە ھەيزدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەيزنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئۇزاراپ كەتسۇن، مەيلى كېمىيىپ كەتسۇن. ئەگەر ھەيز كېلىپ توختاپ (پاك بولۇپ) بەش ئالتە كۈندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىملىق ھەيز كەلسە ناماز ۋە روزىنى تەرك ئېتىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەيزدار. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**52** ـ مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ رەڭگى ئۆزگۈرۈپ كەتسىچۇ؟

ـ ئايال پاك بولغاندىن كېيىن ناتونۇش قان كەلسە ئۇ ھەيزنىڭ قېنى ئەمەس. پەقەت ئۇ «سېرىق ياكى تۇتۇق ۋە ياكى بەزى چاغلاردا قارا» رەڭلىك سۇيۇقلۇق بولۇپ ھەيز دەپ قارالمايدۇ. ئۇنداق ئايال ناماز ۋە روزىدىن قالمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

53 ـ ئادەت مەزگىلدە ئىككى كۈندىن كېيىن پاك بولۇپ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن قايتا قان كەلسە: ھەيز مەزگىلى ئىچىدە قان كۆرگەن ئىككى كۈندە تۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇ ئىككى كۈندە ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش توغرا ئەمەس. ئەمما پاك بولغانلىقىنى كۆرگەن ئىككى كۈندە غۇسلى قىلغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

54 ـ بىرەر ئايال ئاينىڭ بېشىدا ئالتە كۈن ھەيز كۆرۈپ كېيىن داۋاملىق قان كەلسە ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

ـ ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئالتە كۈن تۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەيزنىڭ ھۆكمى تەتبىقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئىستىھازە بولۇپ غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، كەلگەن قانغا پەرۋا قىلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

55 ـ بىرەر ئايال قان كۆرۈپ نامازنى تەرك ئەتسە ـ يۇ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھەقىقى ئادەت كەلسە: ئاۋۋالقى كۈنلەردە تەرك ئەتكەن نامىزىنى ئوقۇسا ئەۋزەل، ئەگەر ئوقۇمىسا ھېچ ۋەقەسى يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

56 ـ بىرەر ئايال ئېغىر ـ يېنىك ئەمگەك قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئادەتتىن بۇرۇن قارا رەڭلىك قان كۆرسە، كېيىن ئۇنىڭ ئادىتى كەلسە: ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە كەلگەن قان ھەيز ئەمەس، بۇ توغرىلىق دوختۇرغا مۇراجەت قىلغان ياخشى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

57 ـ ياشتا چوڭ بولۇپ قالغان سەۋەبلىك قان توختىغان ئايالدىن سەپەر جەريانىدا قان كەلسە ۋە ئۇ قاننىڭ كېلىشى داۋاملاشسا: ئېنىقكى ئۇ ھەيزنىڭ قېنى ئەمەس، ئۇنداق ئايال نامىزنى ئوقۇشى ۋە روزىسىنى تۇتۇشى كېرەك، چۈنكى كۆپۈنچە ئالىملار 50 ياشلىق ئايالدىن ھەيزنىڭ قېنى توختايدۇ دەپ مۇقىملىغان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

58 ـ بىرەر ئايالنىڭ ئادىتى توققۇز ـ ئون كۈن كەلگەندىن كېيىن پاك بولۇپ، ئۆزلۈك مەزگىلدە يەنە قان كەلسە: ئىغىر ـ يېنىك ئەمگەك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادەت مەزگىلى ئۆتۈپ كېتىپلا قان كەلسە ئۇ ھەيزنىڭ قېنى بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ھەممىسى بۇزۇق قاندۇر. ئۇ سىزنى ناماز، روزىدىن توسمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

59 ـ ھەيزدار ئۇچۇن ئەڭ ياخشى ئىش: ئۆز تەبىئىتىنى ساقلاپ قىلىش اللە نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولۇش ۋە ھەيز چەكلەش بۇيۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىك.

60 ـ بىرەر ئايال ئادەت مەزگىلدە بىر كۈن قان كۆرۈپلا ئەتىسى كۆرمىسىچۇ؟

ـ ئوچۇقنى ئېيتقاندا: ئەگەر ئۇ ئايال ھەيز مەزگىلدە بىرەر كۈن تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا ھەيزگە مەنسۇپتۇركى پاك دەپ قارالمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

61 ـ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ئىشلەتكەن ئىدىم، كېيىن ھەيزنى بۇزىدىغان تۇتۇق ـ دوغ رەڭلىك سۇيۇقلۇق كەلدى؟

ـ دوختۇردىن سوراڭ، دوختۇر ھەيز دېسە ھەيز، ئەگەر ھېلىقى دورىنىڭ ئاسارىتى دېسە ھەيز ئەمەس. مانا بۇ ھازىرچە مېنىڭ بېرىدىغان جاۋابىم. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

62 ـ ئايال كىشى قان كۆرمەسلىك بىلەن پاك بولامدۇ؟

ـ ئەگەر ئۇ ئاق كىر كۆرۈپ ئادەتلەنمىگەن بولسا پاكدۇر، نامىزنى ئوقۇپ، روزىسىنى تۇتىۋېرىدۇ، ئەگەر ئۇ كۆپىنچە ئاياللاردەك ئاق كىر كۆرۈپ ئادەتلەنگەن بولسا، ئاق كىر كۆرگۈچە ناماز ۋە روزىدىن توختايدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى پاك ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

63 ـ مېنىڭ ئايلىق ئادىتىم يەتتە كۈن بىلەن سەككىز كۈن



http://nurislam.cn

ئارىلىقىدا بولاتتى، بەزى چاغلاردا يەتتىنچى كۈنى قان كۆرمەيدىغان ياكى پاك بولغىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم؟

ـ ئايالالر پاك بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇيدىغان ئاق كىر كۆرگۈچە ئالدىرىماڭ. قاننىڭ توختىغانلىقى پاك بولغانلىقتىن ئەمەس. پاك بولۇش پەقەتلا ئاق كىر كۆرۈش ۋە ۋاقتىنىڭ توختىشى بىلەن بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**74** ـ ئايال كىشى ھەيز چەكلەش دورىسى ئىستېمال قىلغانلىق ياكى ھامىلدارلىقىدىن ساقلىنىش ھالقىسى سالغانلىق سەۋەبىدىن ئادەت ئېشىپ كەتسىچۇ؟

ـ بىز دەيمىز: قان ھەيزنىڭ قېنى بولسىلا، گەرچە ئادەتتىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ نامازنى تەرك ئېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەيزنىڭ قېنى بولماي قالسا پاكنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇكى، ھەيز دەپ قارالمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**75** ـ ئالىملىرىمىزنىڭ ئىچىدە: ھەيز مۇددىتى ئاۋۋالقى ئادەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بىرەر ئايالنىڭ ئادىتى دەسلەپتە يەتتە كۈن بولسا كېيىنمۇ يەتتە كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئېشىپ كەتكىنى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولىدۇ، ئۇ سەۋەبلىك نامازدىن قالمايدۇ، دەيدۇ. بۇئېھتىيات يۈزىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈن. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**66** ـ ھەيز، ھەيز چەكلەش دورىسى ئىستېمال قىلغان سەۋەبلىك كېچىكسە، گەرچە بۇ كېچىكىش ئىككى ئايغا سوزۇلۇپ كەتكەندىمۇ، نامازنى توختاتمايدىغانلىقىدا شەك يوق. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]



http://nurislam.cn

## تۆتىنچى ئاياللار ۋە ئىستىھازە توغرىسىدا

توققۇز جاۋاب بار

**1** ـ ئىستىھازە دېگەن: ئايال كىشىدىن پەقەت ئۈزۈلمەي داۋاملىق كەلگەن ياكى بىر ئىككى كۈنگە ئوخشاش قىسقا مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالىدىغان قان ئىستىھازە دەپ ئاتىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**2** ـ ئىستىھازەنىڭ ھۆكمى، ئىككى ئىشنىڭ غەيرىدە پاكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش: ئىستىھازەلىك ئايال ھەربىر ناماز ئۈچۈن، ۋاقتى كىرىپ بولغاندىن كېيىن تاھارەت ئېلىشى ۋاجىب، ئەمما ۋاقتسىز ناماز بولسا شۇ نامازنى ئوقۇماقچى بولغاندا تاھارەت ئېلىشى كېرەك. ئىستىھازەلىك ئايال تاھارەت ئالماقچى بولغاندا ئاۋۋال قان داغلىرىنى يۇيۇپ تازىلىشى ۋە قان توختىتىش ئۈچۈن جىنسىي يولنى پاختا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئېتىپ قويۇشى كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن چىققان قان زەرەر يەتكۈزمەيدۇ.

**3** ـ ئىستىھازەلىك ئاياللارغا ئوخشايدىغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالى: بەزى چاغلاردا ئاياللارنىڭ بېشىغا بالىياتقۇ ياكى بالىياتقۇنىڭ ئاستى تەرىپىدە تىببىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتەك جىنسىي يولدىن قان چىقىرىدىغان ئىشلار كېلىپ قالىدۇ، بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بالا ياتقۇنى بىر پۈتۈن ئېلىۋېتىش ياكى قان كېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشغۇلاتىغا ئوخشاش ئىشلاردىن كېيىن ھەيز كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئايالغا ئىستىھازەلىك ئايالنىڭ ھۆكمىنى بەرگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ھۆكمى پاك بولغاندىن كېيىن سېرىق، تۇتۇق رەڭلىك ياكى بىرەر ھۆل سۇيۇقلۇق كېلىدىغان ئەمما ناماز، روزا قاتارلىق ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتمەيدىغان ۋە جىنسىي ئالاقىدىن چەكلەنمەيدىغان ئايالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ،



http://nurislam.cn

ئۇنداق سۈيۈقلۇق (قان) سەۋەبلىك غۇسلى ۋاجىپ ئەمەس، لېكىن ھەر قېتىملىق نامازدا قاننى يۇيۇۋېتىش ۋە جىنسىي يولىنى ئېتىپ ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىشى كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

4 ـ يۇقىرىقىدەك مەشغۇلاتتىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ ھەيزى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەيز كۆرۈشمۇ مۇمكىن، بۇنىڭ ھۆكمى ئىستىھازەنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

5 ـ ئىستىھازەلىك ئايالنىڭ ھەيزى توختىغاندا بىر قېتىم غۇسلى قىلغاندىن باشقا ناماز ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن غۇسلە قىلىش ۋاجىپ ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

6 ـ ئىستىھازەلىك ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش دۇرۇس.

7 ـ قان پەقەت قىسقا مۇددەت توختاش بىلەن ئىستىھازە بولمايدۇ، بۇ چاغدا پەقەت ئۆز ئادىتىدىلا ناماز، روزىدىن توختايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

8 ـ ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن ھەيز چەكلەش دورىسىنى ئىستېمال قىلغان ئىدىم، ھەج دىن كېيىن ئۆزۈن مەزگىل قان توختىمىدى؟

ـ ئايالدىن مۇنداق ئۇزۇن مەزگىل قان كەلسە ئۇ ھەيز ئەمەس بەلكى ئىستىھازە دۇر. ئۇنداق ئايال ھەر ئايدا ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرۈپ ئادەتلەنگەن كۈنلەردىلا تۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن غۇسلە قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق ھەيز كۈنلىرى كەلگۈچە ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

9 ـ ئىستىھازەلىك ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ئۈچ تۈرلۈك بىلىدۇ:

1) ئادەت بولۇش، ئەگەر ئادەت كۆرىدىغان كۈنلىرى كەلسە

نامازدىن توختاپ ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەيلى ئادەت كۆرىدىغان ئىيى ئاز بولسۇن مەيلى كۆپ بولسۇن غۇسلە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاياللار ئىچىدە ئېيى 20 كۈن بولىدىغانلىرى بار، ئۇ شۇ 20 كۈندىن بەش كۈن ھەيز كۆرىدۇ، 15 كۈن پاك يۈرىدۇ، كېيىن يەنە 5 كۈن ھەيز كۆرۈپ 15 كۈن پاك يۈرىدۇ ۋاھا كازالار. ۋە ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئېيى 35 كۈن بولىدىغانلىرى بار، ئۇ نداقلار يەتتە كۈن ھەيز كۆرۈپ 28 كۈن پاك يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيى تولۇق ھەيز كۆرۈپ پاك بولىدىغان ئايدۇر.

**2)** ئادىتىنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى ئۇنىڭ ئادىتى ئىزچىل بىرخىل داۋاملاشماي بەزى چاغلاردا تۆت كۈن بەزى چاغلاردا ئالتە كۈن بولسا كېيىن ئېلىشىپ كېتىدۇ، ھەيزنىڭ قېنى قارا، قويۇق ۋە ئىستىھازەنىڭ قېنى قىزىل، سۇيۇق بولىدۇ، قارا ھەم قويۇق قان كەلسە ناماز، روزىدىن توختايدۇ، قان سۇيۇق قىزىل كەلگەن كۈنلەردە نامىزىنى ئوقۇپ، روزىسىنى تۇتىدۇ، قان ئېلىشىپ ئايرىش زادى مۇمكىن بولمىسا، ئاياللىنىڭ ئادىتى تېخى بولمىسا، ئانىسى، مومىسى ياكى ھەدە ـ سىڭىللىرىغا ئوخشاش كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ ئادىتىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئادىتى يەتتە كۈن بولسا ئۇمۇ يەتتە كۈن ناماز، روزىدىن توختاپ تۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەرىن]



http://nurislam.cn

## بەشىنچى ئاياللارۋە سۈيۈقلۇق تونۇغرىسىدا

33 ـ جاۋاب بار

1 ـ سېرىق رەڭ: بۇ ئايالللاردىن كېلىدىغان سېرىق رەڭلىك سۇ.

2 ـ تۇتۇق رەڭ: بۇ مۇ ئايالللاردىن كېلىدىغان، تۇتۇق رەڭگە ئۆزگەرگەن بىر تۈرلۈك سۈيۈقلۇق، يەنى رەڭگى قىزىل، لېكىن توق قىزىل ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

3 ـ ئاق كىر: ھەيز تۈگىگەندە بالا ياتقۇ ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئاق رەڭلىك سۈيۈقلۇق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

4 ـ ئايالللارنىڭ ئىچىدە ئاق كىر كۆرمەيدىغان لېكىن بىر ھەيزدىن يەنە بىر ھەيزگىچە تۇتۇق رەڭلىك سۈيۈقلۇق كېلىدىغانلىرى بار، قاننىڭ توختىغانلىقى ـ گەرچە سېرىق رەڭلىك سۈيۈقلۇق كېلىپ تۇرسىمۇ ـ بۇ ئايالنىڭ پاك بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

5 ـ ھەيزدىن بۇرۇن كېلىدىغان تۇتۇق ۋە سېرىق رەڭلىك سۈيۈقلۇق: ئەگەر ھەيزنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بولسا، ئۇ ھەيزدۇر. «ئۇنى ھەيزدار ئايال بىشى ۋە قورسىقىنىڭ ئاغرىشى بىلەن سېزىۋالالايدۇ» ئەگەر بۇنداق ئالامەتلەر كۆرەلمىسە، ئۇ ئايال پاك بولغان بولىدۇ. [شەيخ ئىي ئۇسەيمىن]

6 ـ ئەگەر ھەيزدىن كېيىن تۇتۇق رەڭلىك ۋە سېرىق رەڭلىك سۈيۈقلۇق كەلسە، ئۇ تۈگىگۈچە تۇرۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى ھەيزگە ياندىشىپ كەلگەن تۇتۇق رەڭلىك سۈيۈقلۇق ھەيزدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

7 ـ ھەيز مەزگىلىنىڭ غەيرىدە كەلگەن ئاجرالملار ھەيزنىڭ ھۆكمىدە ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

ئايالنىڭ جىنسىي يولىدىن شەھۋەتسىز كەلگەن نەرسە غۇسلىنى ۋاجىپ قىلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

8 ـ سۈيدۈك يولىدىن چىققان ھەرقانداق بىر سۇيۇقلۇق نىجىس بولۇپ تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

9 ـ بۇ ۋاق چىقىش يولىدىن كەلگەن سۇيۇقلۇق ۋە ھۆللۈكلەر پاك بولۇپ كىيىمنى ۋە بەدەننى ناپاك قىلمايدۇ. لېكىن تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

10 ـ بىز تاھارەتنى سۇندۇردىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى نىجىس دېسەك تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ، ئادەمدىن چىقىدىغان يەل تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، لېكىن ئۇ پاك، چۈنكى شەرىئەتنى يولغا قويغۇچى: يەل تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ دېيىش بىلەن بىرگە ئىستىنجا قىلىشنى ۋاجىپ قىلمىدى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

11 ـ ئاياللارنىڭ بالا ياتقۇسىدىن داۋاملىق كەلگەن سۇيۇقلۇق پاك، ئۇنداق ئايال پەقەت نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىلا تاھارەت ئالىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتا پەرز ـ نەپلە نامازلارنى خالىغانچە ئوقۇيالايدۇ ۋە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيالايدۇ، كەلگەن سۇيۇقلۇقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە پەرق يوق ۋە ئۇنداق ئايال تاھارەتنى يەنە بىر ناماز كىرگۈچە ساقلاپ قالالايدۇ.

12 ـ ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ يەنە كېلىدىغان سۇيۇقلۇق: مۇنداق سۇيۇقلۇق كەلگەن ئايال نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە كۈتۈپ تۇرۇپ نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئەگەر نامازدا تۇرغان ھالەتتە چىققان تەقدىردىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

13 ـ ئەگەر سۈيۈقلۇق توختاپ ـ توختاپ كېلىدىغان سۈيۈقلۇق بولسا، توختاش ۋاقتى كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرىدۇ.

14 ـ ئەگەر ناماز ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قورقسا، تاھارەت ئېلىپ ئاندىن شۇ سۈيۈقلۇقنىڭ چىقىش ئېغىزىنى ئېتىپ ناماز ئوقۇيدۇ، كەلگەن سۈيۈقلۇقنىڭ ئاز كۆپلىكىنىڭ پەرقى يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

15 ـ ئەگەر ئۇ بالا ياتقۇدىن كېلىدىغان سۈيۈقلۇق بولسا، پەقەت تاھارەت ئالغاندا يۇيۇشقا تېگىشلىك ئەزالارنىلا يۇسا كۇپايە، ھېلىقى سۈيۈقلۇق يوقۇپ قالغان جايلارنى يۇيۇش ھاجەتسىز، چۈنكى ئۇ پاك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

16 ـ شۇ سۈيۈقلۇق كەلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن تاھارەت ئالمىغان ئايال اللە تائالاغا تۆبە قىلىشى كېرەك، ئوقۇپ بولغان نامىزنى قايتا ئوقۇمايدۇ، لېكىن كۆپ نەپلە ناماز ئوقۇشقا تىرىشىش لازىم.

17 ـ ئەگەر سوراپ بىلۋالغۇدەك ئادەم يوق يىراق سەھرادا ياشايدىغان ئايال ھېلىقى سۈيۈقلۇقنىڭ تاھارەتنى سۇندۇرىدىغانلىقى خىيالىغا كەلمەي ناماز ئوقۇغان بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق.

18 ـ ئەگەر ئەتراپىدا ئەھلى ـ ئىلىملەر بار بولۇپ تۇرۇپ سوراشقا ئېرىنىپ ۋە بىپەرۋالىق قىلىپ يۈرۈۋەرگەن بولسا ئوقۇغان نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

19 ـ جىنسىي ئالاقە قىلىپ غۇسلە قىلغاندىن كېيىن چىققان سۈيۈقلۇق: ئەگەر شەھۋەتسىز چىققان بولسا قايتا غۇسلى قىلىش ۋاجىپ ئەمەس، لېكىن قايتا تاھارەت ئېلىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

20 ـ ئايال كىشىدىن سۈيدۈك بىلەن چىققان نەرسە «ۋەدى» بولۇپ سۈيدۈككە ئوخشاش نىجىس، ۋەدى يۇقۇپ قالغان جايلارنى يۇيۇش كېرەك. [پەتىۋا كومىتېتى]

## ۋەدى، مەزى ۋە مەنىي قاتارلىقلارنىڭ پەرقى

21 ـ ۋەدى: كۆپىنچە سۈيدۈك يولىدىن چىقىدىغان رەڭگى ئاق، ئۆزى قويۇق ۋە پۇراقسىز سۇيۇقلۇق.

22 ـ مەزى: ئويناشقاندا ياكى جىنسىي ئالاقىنى خىيال قىلغاندا كېلىدىغان ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇق، شىلىمشىق سۇ، كۆپىنچە مۇنداق سۇيۇقلۇقنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئادەملەر سېزەلمەيدۇ، ۋەدى ۋە مەزى ھەر ئىككىلىسى نىجىس بولۇپ تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، بۇ ئىككى سۇيۇقلۇق يۇقۇپ قالغان جاينى يۇيۇش ۋاجىپ.

23 ـ مەنىي: ئەرلەردىن ئاق، قويۇق كېلىدۇ، ئايالالردىن سۇيۇق، سېرىق كېلىدۇ، مەنىي كەلسە غۇسلە قىلىش ۋاجىپ، شۇنداق بولسىمۇ مەنىي پاكتۇر.

24 ـ ئاياللار ھەيزدىن پاك بولۇش ئالدىدا كېلىدىغان ئاق كىر تاھارەتنى سۇندۇرامدۇ؟

ـ ئالدى ـ كەينىدىن كەلگەن ھەرقانداق سۇيۇقلۇق تاھارەت سۇندۇرىدۇ، تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى ئىستىنجا قىلىش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

25 ـ بالا ياتقۇدىن بىرەر ھۆللۈك كەلگەنلىكىنى بايقىغان ئايال ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىشى كېرەكمۇ؟

ـ مەزكۇر ھۆللۈك كۆپىنچە ھالالردا ئۆزلۈكسىز كەلسە، خۇددى

ئىستىھازىلىك ئاياللارغا ئوخشاش ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە تاھارەت ئېلىشى لازىم، بىراق ئۇ ھۆللۈك بەزى چاغلاردا كۆرۈلۈپ، بەزى چاغلاردا كۆرەلمىسە ئۇنىڭ ھۆكمى سۇيدۇكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، بۇنداق ھۆللۈكنى قاچان بايقىسا شۇ ھامان تاھارەت سۇنىدۇ. ھەتتا ناماز ئىچىدىمۇ تاھارەت سۇنىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

26 - مەندىن ھەيز مەزگىلىنىڭ غەيرىدە سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق كېلىدۇ، مەن شۇ سەۋەبلىك بەزى نامازنى تەرك ئېتىمەن بەزى ئوقۇيمەن بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

- ئايالنىڭ ھەيزدىن كېيىن كۆرگەن سېرىق، تۇتۇق سۇيۇقلۇقلىرى ھەيز قاتارىدا سانالمايدۇ، ئۇنداق ئايال ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى لازىم، شۇنىڭدەك جىنسىي ئالاقىدىنمۇ چەكلەنمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

27 - ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولىدىن ئاجرىلىپ چىققان سۇيۇقلۇق: تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، بەدەن ياكى كىيىم - كېچەككە تېگىپ قالسا نىجىس قىلىدۇ، ئۇنداق سۇيۇقلۇق كەلگەن ئايال ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا ئىستىنجا قىلىپ تاھارەت ئېلىشى، ئەگەر بەدەنگە تېگىپ قالغان بولسا يۇيۇپ پاكلىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

28 - جىنسىي يولدىن داۋاملىق سۇيۇقلۇق ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئايال: ئىستىنجا قىلىشى، ئەۋرەتنى تازىلىشى ۋە سۇيۇقلۇق چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جىنسىي يول ئېغىزىنى ئېتىپ قويۇشى ھەمدە ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

29 - ئەرلەردىن سۆيۈشۈش ياكى ئوينىشىش نەتىجىسىدە سۇيۇقلۇق چىقسا غۇسلى قىلىشى ۋاجىب بولمايدۇ، بىراق مەنىي ھۇزۇر بىلەن ئېتىلىپ چىقسا غۇسلى قىلىشى ۋاجىپ. [شەيخ

http://nurislam.cn

ئىبنى فەۋزان]

30 ـ روزىدار ئايالدىن ئادەت ۋاقتىنىڭ ئىچىدە ئازراقلا قان كېلىپ ئۈزۈلۈپ قالسا روزىسى سۇنۇپ كېتىدۇ، ئۇنداق ئايال كېيىن شۇ روزىسىنى قايتا تۇتىدۇ، ۋە شۇ قان سەۋەبلىك غۇسلە قىلىش ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

31 ـ قىز ـ چوكانلاردىن ئىھتىلامسىز سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق كەلسە: ئەگەر ئۇ سۇيۇقلۇق مەزى بولسا غۇسلى ۋاجىپ ئەمەس، ئەگەر ئۇ شەھۋەت بىلەن ياكى ئىھتىلام بولغان سەۋەب بىلەن كەلگەن مەنىي بولسا غۇسلى قىلىش ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

32 ـ ھەيز كېلىشتىن بىر ـ ئىككى كۈن ئىلگىرى كەلگەن سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق: ئەگەر ھەيزنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا، ئۇ ھەيزدۇر، ئۇنى ھەيز كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئادىتى كەلگەندە كۆرۈلىدىغان باش ۋە قورساق ئاغرىش ئالامەتلىرى بىلەن بىلگۈالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەيزنىڭ ئالامىتى كۆرۈلمەيلا كەلگەن سۇيۇقلۇق بولسا ھەيز ئەمەس. بىراق ھەيزدىن كېيىن تۇتۇق رەڭلىك سۇيۇقلۇق كەلسە، ئۇ توختىغۇچە كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك، چۈنكى ھەيزگە ئۇلۇشۇپلا كەلگەن تۇتۇق رەڭلىك سۇيۇقلۇق ھەيزدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

33 ـ ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز كەلگەن سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق: ئەگەر ئايال پاك بولغانلىق ئالامىتى بولغان ئاق كىر كۆرمىسە، كەلگەن سېرىق سۇ، ئاق كىرنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بەزى چاغلاردا ئايالدىن سېرىق، ئاق سۇيۇقلۇق كەلمەي، يەنە بىر ھەيز كەلگۈچە قۇپ قۇرۇق تۇرىدۇ، ھەر ئايالنىڭ ھۆكمى باشقا. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

## ئالتىنچى ئايالالر ۋە ھامىلىدارلىق توغرىسىدا

**34** ـ جاۋاب بار:

**1** ـ ھامىلىدار ئايالدىن كېلىدىغان قان: بىرەر ھادىسە سەۋەبىلىك ياكى بىرەر نەرسە كۆتۈرگەنلىك ۋە ياكى يېقىلىپ چۈشكەن سەۋەبلىك كەلسە ئۇ ھەيز بولماستىن تومۇردىن كەلگەن قاندۇر، ئۇنداق ئايال پاك ئايالالرنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ ناماز ئوقۇۋېرىدۇ ۋە روزا تۇتۇۋېرىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**2** ـ ھەيزنىڭ ھېكمىتى: ھەيزنى الله تائاال ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان، ئايال كىشى قورساق كۆتۈرگەن ھامان كۆپۈنچە ھەيز توختايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**3** ـ ھامىلىدار ئايال ھەيز كۆرمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**4** ـ قان توختىماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايال: ئىلگىرىكى ئادەت مەزگىلى كەلسە ناماز ۋە روزىدىن توختايدۇ، ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتسە غۇسلە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋېرىدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**5** ـ ئۇنداق ئايالالر: ئەۋرىتىنى تولۇق يۇيىدۇ ۋە جىنسىي يول ئېغىزىنى ئېتىپ، پەرز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە تاھارەت ئېلىپ ئوقۇيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**6** ـ قان توختىماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايال پېشىن نامىزىنى ئەسىر نامىزى بىلەن، شام نامىزىنى خۇپتەن نامىزى بىلەن بىرەر سىنىڭ ۋاقتىدا جەملەپ ئوقۇسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**7** ـ ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باال ياتقۇنى

ئېلىۋېتىش: بىرەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك يوق، ئۇنداق بولمىسا بالا ياتقۇنى قالدۇرۇپ قويۇش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

8 ـ بالا ياتقۇنى بوغۇش: زۆرۈرىيەت ئۈچۈن جايىز، مەسىلەن: ئايال شۇنىڭغا مەجبۇر بولۇپ قالسا ياكى نورمال تۇغۇش ئىقتىدارى بولمىسا. [شەيخ ئىبنى باز]

9 ـ ھامىلدارلىقدىن ساقلىنىش دورىسىنى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ۋاقىتلىق ئىستېمال قىلىش جايىز. [شەيخ ئىبنى باز]

10 ـ ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش: بالا ئېمىتىۋاتقان دەسلەپكى بىرىنچى ئىككىنچى يىللىرىدا بولسا ۋە قايتا ھامىلدار بولۇشقا تەسىر يەتكۈزمىسە رۇخسەت. [شەيخ ئىبنى باش]

11 ـ سۈنئىي ھۇزۇرلىنىش: ھازىرقى زامان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىر بۆلۈكى سۈنئىي ھۇزۇرلىنىش، ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلدە الله ھارام قىلغان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىش شەرتى ئاستىدا جايىز دەپ قاراشتى، بىراق مەن بۇ مەسىلىدىن ئۆزۈمنى تارتىمەن. تۈگىمەس بۇزۇقچىلىققا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن سۈنئىي ھۇزۇرلانماسلىققا نەسىھەت قىلىمەن. [شەيخ ئىبنى باز]

12 ـ ئايالالرنىڭ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشى (گەرچە ئۇ زىنادىن بولغان بولسىمۇ) جايىز ئەمەس. ئۇنداق ئايال اللە تائالاغا تەۋبە قىلىشى، ئىشلىرىنى يېپىپ يۇرمەسلىكى ۋە بالىنى دادىسىغا بېرىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

13 ـ بىنورمال ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بولامدۇ؟

ـ دوختۇر: پات ـ يېقىندا ئۆلۈپ قالىدۇ، ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىن مېيىپ بولۇپ قالىدۇ دەپ نەسىھەت قىلغان تەقدىردىمۇ ھامىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋاجىپ، چۈشۈرۈۋېتىش جايىز ئەمەس. چۈنكى ئەسلى



http://nurislam.cn

ھۆكۈم بىگۇناھ جاننى يولسىز ئۆلتۈرۈۋېتىش ھارام.

**14** ـ ئەر ـ ئايال اللە تائالا ياخشىلاپ بېرىدۇ دەپ ئويلاش ۋە ئايال ئۈچۈن، ھامىلە ئۈچۈن ھەر قانداق يامانلىقتىن اللە نىڭ ساقلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىش. [پەتىۋا كومىتېتى]

**15** ـ تۇغۇت چەكلەش: ئايال ئاغرىق بولسا، باللىرى كۆپ بولسا ۋە قورساق كۆتۈرۈشى ئېغىر كەلسە رۇخسەت، ئەمما ئايال ساغلام، باللىرىمۇ كۆپ ئەمەس ۋە قورساق كۆتۈرۈش مۇشەققەتسىز بولسا دۇرۇس ئەمەس. باللىرىنى تەربىيلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغۇچە ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىلىرىنى ۋاقىتلىق ئىشلەتسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**16** ـ سۈننى ئۇسۇلدائۈرۈقلاندۇرۇش: كۆپلىگەن ئەھلى ئىلىملەر، ئەۋرەتنى ئېچىش، تۇتۇش ۋە بالىياتقۇنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار كۆرۈلگەچكە، سۈننى ئۈرۈقلاندۇرۇشنى ـ گەرچە ئۇرۇق ئۆز ئېرىنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ـ چەكلىدى، شۇڭلاشقا مەن: ھەركىم اللەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن. بۇ ھەقتە اللە تائالا: (اللە خالىغان كىشىنى تۇغماس قىلىدۇ) دېگەن. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**17** ـ ۋاقىتلىق چەكلەش؛ مەسلەن: ئايال تۇغۇمچى ـ باللىرى يېشىغا يەتمەيلا يەنە قورساق كۆتۈرىدىغان ـ بولۇپ ئىككى يىلدا بىر قورساق كۆتۈرۈشنى خالىسا، ئېرىنىڭ ئىجازەت بېرىشى ۋە شۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە زەرەر يەتمەسلىك شەرتى بىلەن جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**18** ـ ھامىلىنى چۈشۈرۈش: ئەگەر جان كىرىشتىن ئىلگىرى بولسا، بۇنىڭ جايىزلىقى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان.

**1)** ئۇلارنىڭ چەكلىگەنلىرى بولدى.



http://nurislam.cn

**2)** جايىز دېگەنلەرمۇ بولدى.

**3)** ئۈيۈلقان ھالىتىگە كىرمىگەن، يەنى **40** كۈن توشمىغان بولسا جايىز دېگۈچىلەرمۇ بولدى.

**4)** بىر پۈتۈن ئادەم شەكلىگە كىرمىگەن بولسا جايىز دېگەنلەرمۇ بولدى. ئايال ساغلام، قورساق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى بار ئەھۋالدا ھامىلىنى چۈشۈرمەسلىك ئەڭ ئېھتىياتلىق تۇر. ئۇنداق بولمىسا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ـ ئىنسان شەكلىگە كىرىشتىن بۇرۇن چۈشۈرۈش جايىز. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**19** ـ ھامىلىنى چۈشۈرۈش جايىز بولىدىغان يۇقىرىقى ھالەتلەردىمۇ چوقۇم ئەرنىڭ ئىجازىتى بولۇشى لازىم [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**20** ـ نىكاھسىز ھامىلدار بولغان ئايالنىڭ نىكاھىنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ھامىلدار ئاياللا يەڭگىسىپ بولغىچە نىكاھلىلارغا ئالماڭلار" دېگەن ھەدىسى ئومۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نىكاھى باتىل، ئەرگە ئۇنداق ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىش ھارام. [پەتىۋا كومىتېتى]

**21** ـ ھامىلدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش: ھامىلىگە زەرەر يەتكۈزمىسە كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**22** ـ ھامىلدار ئايالغا تالاق چۈشەمدۇ؟

ـ شۇنداق تالاق چۈشىدۇ ۋە ئۇ تالاقمۇ دۇرۇس تالاق، ئايال قورساق كۆتۈرۈۋاتقان مەزگىلدە ئەرنىڭ نەپىقە بېرىشى ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

**23** ـ قورساق كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى، ئالتە ئاي. [پەتىۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn

24 ـ ئەسلىدە ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى چەكلەش جايىز ئەمەس، بىراق ئايال ھامىلىدار بولۇش سەۋەبلىك زىيانغا ئۇچرىسا، ياكى ئېمىۋاتقان بالىسى زىيانغا ئۇچرىسا ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

25 ـ ھامىلىدار ئايال نەپىقىسىنى خولئىغا (ئېرىغا مال ـ مۈلۈك بېرىپ سۆزىنى ئېلىشقا) بەدەل قىلسا بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ. ئۇنداق ئىش ھەنبەلىيە مەزھىپىدە مەشھۇر. [شەيخ سەئىد]

26 ـ ئەر ئۆز ئايالىنى بىر قېتىم تالاق قىلغاندىن كېيىن ئايالىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكى ئايان بولسا يېنىۋالسا بولامدۇ؟

ـ شۇنداق، ئايال يەڭگىشىتىن بۇرۇن، مەيلى قوشۇلسۇن، قوشۇلمىسۇن. يېنىۋالسا بولىدۇ. بىراق، يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ. لېكىن يېڭىدىن توي قىلىپ، ۋەلى، گۇۋاھچىلارنى ھازىرلاپ ئالسا بولىدۇ.

27 ـ ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتسە: ھامىلىنىڭ تولۇق يارىلىپ بولغانلىقى ئاشكارا بولسا ئايال، نەپاسىدار بولۇپ ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئىستىھازە بولۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، قۇربى يەتسە روزا تۇتىدۇ. (بولمىسا كېيىن تولۇقلاپ تۇتىدۇ)

28 ـ تۇغۇت سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ساۋابى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالىسى بىلەن بىرگە ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىت» دېگەن. (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان) [پەتىۋا كومىتېتى]

29 ـ ھامىلىدار ئايالدىن كېلىدىغان قان: ھەيز ئەمەس، بۇزۇق قاندۇر، ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە ئېرىگە ھالال بولىدۇ (جىنسىي ئالاقە



http://nurislam.cn

قىلالايدۇ). [پەتىۋا كومىتېتى]

**30** ـ ھامىلدار ئايال يەڭگىگەندىن كېيىن قان كەلمىسە جىنسىي ئالاقە قىلسا، ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟

ـ ھامىلدار ئايال يەڭگىپ قان كەلمىسە غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى لازىم، غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن جىنسىي ئالاقە قىلسا بولىدۇ، چۈنكى كۆپۈنچە تۇغۇتتا بوۋاق بىلەن بىرگە، ياكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاز بولسىمۇ قان كېلىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**31** ـ ھامىلدار بولسا سالامەتلىككە زىيان يېتىدىغان ئايال ئىسپېرمىنى **40** كۈن توشۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈرۈۋەتسە جايىز. بۇ تەجرىبىلىك دوختۇرلارنىڭ دەلىللىشى بىلەن بولىدۇ ئەلۋەتتە. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**32** ـ بىر نەپەر ھامىلدار ئايالدىن بىر ئايدىن بىرى سۇ كېلىۋاتىدۇ: كەلگەن سۇ تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، بىراق ئۇ پاك، كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدەننى نىجىس قىلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**33** ـ بىر نەپەر ئايالنىڭ بىر يېرىم ئايلىق تۆرەلمىسى چۈشۈپ كېتىپ تازىلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىپتۇ. مەشغۇلاتتىن كېيىن **11** كۈن داۋاملىق قان كەپتۇ، نەتىجىدە شۇ مەزگىلدە نامازنى تەرك ئېتىپتۇ: تەرك ئەتكەن بارلىق نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ، چۈنكى ئۇنىڭدىن كەلگەن قان، قان ئېلىش سەۋەبىدىن كەلگەن، ئەگەر تۆرەلمە **81** كۈنگە توشماي چۈشۈپ كەتسە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن قان نامازنى تەرك ئېتىشكە سەۋەب بولالمايدۇ، ئەگەر تۆرەلمە تولۇق **81** كۈنگە توشقان ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولسا، شۇ تۆرەلمە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن كەلگەن قان نەپاسنىڭ قېنى دەپ قارىلىدۇ، ۋە شۇ قان توختىغىچە ياكى **40** كۈن توشقۇچە نامازنى تەرك ئېتىدۇ. ئاندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]



http://nurislam.cn

34 ـ تۇغۇتنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن زەلزەلە سۈرىسىنى قىرائەت قىلسا بولامدۇ؟

ـ زەلزەلە سۈرىسىنى ۋە الله تەلانىڭ بەچچە دانالاردىكىنى بىلدىغانلىقى ئوتتۇرغا قويۇلغان (سۈرە فۇسسىلەت 47 ـ ئايەت ۋە سۈرە رەئد 7 ـ ئايەت) ئايەتلەرنى زەفە بىلەن قاچىغا يېزىپ سۈنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگىچە چايقاپ يەڭگىش ئالدىدا تۇغقان ئايالغا ئىچكۈزسە ياكى ۋە قورسىقىغا سۈرۈپ بەرسە الله نىڭ ئىزنى بىلەن مەنپەئەت قىلىدۇ، بۇئۇسۇلنى مەنمۇ سىناپ باققانمەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## ئاياللارۋە نەپاس توغرىسىدا

24 ـ جاۋاب بار

1 ـ نەپاس دېگەن: تۇغۇت مۇناسىۋىتى بىلەن، ياكى بوۋاق تۇغۇلۇش بىلەن بىرگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ۋە ياكى ئۇنىڭ ئىككى ئۈچ كۈن ئالدىدا بالا ياتقۇدىن كېلىدىغان بىرتۈرلۈك قان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

نەفاسنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللىرى بار.

2 ـ تۇغۇتلۇق ئايالدىن 40 كۈن توشۇشىدىن بۇرۇن قان توختايدۇ ۋە قايتا كەلمەيدۇ: قاچان توختىسا شۇ ھامان غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

3 ـ تۇغۇتلۇق ئايالدىن 40 كۈن توشۇشتىن ئىلگىرى قان توختاپ كېيىن يەنە كېلىدۇ: بۇ خىل ئەھۋالدا قان توختىسا غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ، قان قايتا كەلسە ئۇ نەفاسنىڭ قېنى بولۇپ ناماز، روزىدىن چەكلىنىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

4 ـ 40 كۈن توشقۇچە قان داۋاملىق كېلىدۇ: بۇ خىل ئەھۋالدا ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ. قان توختىسا غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

5 ـ 40 كۈندىن ئېشىپ كېتىش: بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى ھەيز كۈنلىرى بىلەن ئۇچرىشىش، بۇنداق ئەھۋالدا ناماز ۋە روزىدىن توختاپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، ھەيز كۈنلىرى بىلەن ئۇچراشماسلىق: ئۇنداق ئايال قىرىق كۈندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

6 ـ يەڭگىشتىن بىر ئىككى كۈن ئىلگىرى قان كۆرسە قانداق قىلىدۇ؟

ـ قان ئۈزلۈكسىز كەلگەن بولسا نەپاسدۇر. شۇ سەۋەبلىك ناماز ۋە روزىدىن توختايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

7 ـ قان ئۈزلۈكسىز كەلمەي بىرەر ئىش سەۋەبلىك كەلسە، ئۇ بۇزۇق قان بولۇپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇ ئايالنى ناماز ۋە روزىدىن چەكلىمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

8 ـ نەپاسدار ئاياللارنىڭ نەپاسنىڭ قېنى توختىغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

9 ـ نەپاس قېنىنىڭ ئۈزگىرىشى: شىلىمشىق سۇيۇقلۇق، ئېنىق پاك بولغانلىقى ئاشكارا بولمىسىلا نەپاسنىڭ ھۆكمىگە مەنسۇپ، ئېنىق پاك بولغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

10 ـ ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق يەڭگىگەن ئايالدىن كەلگەن قان نەپاسنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، ئەگەر قان كۆرمىسە ئۇنداقتا ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

11 ـ نەپاسدار ئايالنىڭ بەدىنى نىجىس بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەپ ئىچىشكە، جىنسىي ئالاقىسىز قۇچاقلىششقا بولىدۇ.

http://nurislam.cn

پەتىۋا كومىتېتى]

12 ـ تۆرەلمە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن كەلگەن قان: تۆرەلمە رەسمىي بىر پۈتۈن ئادەم شەكلىگە كىرىپ قالغان بولسا، كەلگەن قان نەپاسنىڭ قېنىدۇر. ئۇنداق ئايال ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

13 ـ ئەگەر تۆرەلمە تولۇق يېتىلىپ بولمىغان بولسا كەلگەن قان نەپاسنىڭ قېنى ئەمەس، ھەر ناماز ۋاقتىدا تاھارەت ئېلىپ ۋە قان كېلىشىنى توسۇپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. ئەمما ئايلىق ئادەت مەزگىلى كەلسە توختاپ تۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

14 ـ تۆرەلمە قانچە كۈندە يېتىلىپ بولىدۇ؟ ـ كۆپۈنچە 90 كۈندە يېتىلىپ بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

15 ـ بىرەر ئايالدىن تولۇق يېتىلىپ بولمىغان ئۈيۈل قان، ياكى پارچە گۆش چۈشۈپ كەتسە ئۇنداق ئايال نەپاسدار ھېسابلانمايدۇ، كەلگەن قان بۇزۇق قاندۇر، گەرچە قان كېلىپ تۇرسىمۇ ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن جىنسىي يول ئېغىزىنى رەخت پارچىسى بىلەن ئېتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

16 ـ نەپاسدار ئاياللارنىڭ ئۆيدىن چىقىشى: نەپاسدار ئايالارمۇ باشقا ئايالارغا ئوخشاش بولۇپ بىرەر ئېھتىياج ئۈچۈن ئۆيدىن چىقسا كېرەك يوق، ئەگەر زۆرۈر بولمىسا بارلىق ئايالارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرغىنى ئەۋزەل، چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئايالارنىڭ ياسىنىپ ـ تارىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾ [سۈرە ئەھزاب 32 ـ ئايەت]



http://nurislam.cn

17 ـ نەپاسدار ئايالنى تالاق قىلىشقا بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ، بىراق ھەيزدار ئايالنى تالاق قىلغانغا ئوخشاش بىدئەت تالاق بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

18 ـ نەپاسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى يوق: ئەگەر يەڭگىپ 10 كۈندىن كېيىن پاك بولسا ئۇنىڭ غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇشى ۋاجىپ، ئۇنىڭغا پاك ئايالنىڭ ھۆكمى تەتبىقلىنىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

19 ـ بەزى ئاياللارنى ناماز ۋاقتى كىرگەندە تولغاق تۇتۇشقا باشلايدۇ، بۇنداق ئاياللار نەپاسدىن پاك بولغاندا ھېلىقى ۋاقتى كىرىپ قالغان نامازنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ؟

ـ ئەگەر شۇ ئايال سۆرەلمىلىك قىلمىغانلا بولسا قازاسىنى قىلمايدۇ، ئەمما ۋاقتى كىرىپ قالغان بولسىمۇ قەستەن كەينىگە تارتىپ ئاندىن تۇغۇتى قىستاپ قالغان بولسا، نەپاسدىن پاك بولغاندىن كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

20 ـ نەپاسدار ئايال 40 كۈن بولۇشتىن ئىلگىرى پاك بولۇپ كېيىن يەنە قان كەلسە، ئوقۇۋاتقان نامىزى ۋە تۇتۇۋاتقان روزىسىنى قان كەلگەن كۈنلەردە توختىتىدۇ، چۈنكى ئۇ 40 كۈن تولۇق توشقۇچە نەپاسداردۇر. [شەيخ ئىبنى باز]

21 ـ نەپاسدار ئاياللار قۇرئان ئوقۇسابولامدۇ؟

ـ ئالىملارنىڭ ئىشەنچلىك سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا قۇرئان ئوقۇشنىڭ ۋە اللە نىڭ كىتابىنى، شەرئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ پەزلىدىن مەھرۇم قالماسلىقى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇشى جايىز. [شەيخ ئىبنى باز]

22 ـ نەپاس مەزگىلىدە كەلگەن سېرىق سۇيۇقلۇقنىڭ ھۆكمى نېمە؟



http://nurislam.cn

ـ ئايالاردىن تۇغۇتتىن كېيىن كەلگەن نەرسە مەيلى ئادەتتىكى قان بولسۇن، مەيلى سېرىق سۇيۇقلۇق بولسۇن،مەيلى تۇتۇق رەڭلىك سۇيۇقلۇق بولسۇن نەپاسنىڭ ھۆكمىدە دۇر، چۈنكى ئۇ 40 كۈن توشقۇچە ئادەت ئچىدە بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈزۈلمەي ئادەتتىكى قان كەلسە، ئۇ نەپاسنىڭ قېنىدۇر. ئۇنداق بولمىسا ئىستىھازەنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ قېنىدۇر. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

23 ـ ئايال نەپاسدىن پاك بولۇپ 10 كۈندىن كېيىن، ئادەت ۋاقتىنىڭ غەيرىدە كەڭ كۆلەملىك قان كۆرسە: ئۇ ھەيز ۋاقتىغا ئۇدۇل كەلمىسە ناماز، روزىدىن قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ بۇزۇق قاندۇر، ئەگەر ئۇ،شۇقان سەۋەبلىك نامازنى تەرك ئەتكەن بولسا قازاسىنى قىلىشى لازىم. [پەتۋا كومىتېتى]

24 ـ تۇغۇپ 40 كۈندىن كېيىن قاننىڭ رەڭگى ئۆزگەرسە ناماز ئوقۇپ روزا تۇتامدۇ؟

ـ نەپاسدار ئايالنىڭ قېنى 40 كۈندىن كېيىنمۇ رەڭگى ئۆزگەرمەي ئىلگىرىكى ھەيز ئادىتىگە توغرا كېلىپ قالسا ناماز ۋە روزىنى توختىتىدۇ، ئەگەر ئىلگىرىكى ھەيز ئادىتىگە توغرا كەلمىسە ناماز ۋە روزىدىن قالمايدۇ. [پەتۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn

## سەككىزىنچى ئاياللار ۋە كىيىم ـ كېچەك توغرىسىدا

**66** جاۋاب بار:

**1** ـ ھجاب دېگەن: ئايالالارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى «يۈزى ۋە ئالقىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە» ۋە زىبۇزىننەتلىرىنى يات ئەرلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن توسىدىغان نەرسە بىلەن ئوراشتۇر، بۇ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۆي بىلەن بولىدۇ. [شەيخ بەكرى ئەبۇزەيد]

**2** ـ ياسىنىپ ـ تارىنىش (تەبەررۇج) دېگەن: ئايالالارنىڭ ئۆز زىبۇزىننەتلىرىنى ۋە گۈزەللىكىنى يات ئەرلەرگە نامايان قىلىشتۇر. ياسىنىش تۆۋەندىكى ئىشلار بىلەن بولىدۇ:

**3** ـ ھجاپنى تەرك ئېتىش ۋە بەدىنىدىن بىرەر ئەزاسىنى يات ئەرلەرگە ئاشكارىلاش.

**4** ـ پىلاشلىرى ئاستىدىكى كىيىملەرگە ئوخشاش زىننەتلىرىدىن بىرەر نەرسىسىنى ئاشكارلاش.

**5** ـ مەخپىي زىننەتلىرىنى بىلدۈرۈش ۋە مېڭىشلىرىغا ياڭزا پەيدا قىلىش ئۈچۈن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇش.

**6** ـ گەپ ـ سۆزگە قىلغاندا نازلىنىپ سۆزلەش.

**7** ـ ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىش، بۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە چاقچاقلىشىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. [شەيخ بەكرى ئەبۇ زەيد]

**8** ـ ھەدىس: «بالاغەتكە يەتكەن ئايالنىڭ بۇيىرىدىن، بۇيىرىدىن باشقا يەرلىرىنى كۆرۈش دۇرۇس ئەمەس. (دەپ) يۈزى ۋە ئالقىنىغا ئىشارەت قىلدى» بۇ ھەدىس زەئىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

9 ـ ئايـاللارنىڭ ئـۆز مەھرەملىرىگـە ئاشكارىلاشـقا بولىدىغـان جـايلىرى: يۈزى، ئالقىنى، خەلخالىرى، ھالقا، بىلەيزۈك، بولوپكا ۋە بـاش ـ ئاياغلىرى. [پەتىۋا كومىتېتى]

10 ـ ئايالالرنىڭ بازار ـ رەستىلەردە ھالقا ۋە بىلەزۈكلىرىنى ئاشكارىلاپ يۈرۈشلىرى جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇمۇ پىتنىگە سەۋەب بولىدۇ، بىر قىسىم ئايالالرنىڭ بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكلىرى ۋە بىلەيزۈكلىرى شۇ جۈملىدىندۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

11 ـ خىزمەتچى ۋە شەخسى شوپۇرلىرىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق يۈرۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئـۆزىنى چەتكـە ئـېلىش ۋاجىـپ بولىدىغـان باشـقا ئەرلـەرنىڭ ھۆكمىگـە ئوخشاشـتۇر، ئۇلارنىـڭ قايسـى بىـرى بىلـەن بولمىسـۇن خىلۋەتتە بىرگە تۇرۇش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

12 ـ ئايالالرئەما ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزى ئوچۇق يۈرسە بولىدۇ. (ئىبنى ئۇممـۇ مـەكتۇمنىڭ قىشـىدا ئىچچۇەتتى، ئـۇ ئـەما كىشـى ئـىدى) دېگەن ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن. «سىلەر ئىككىڭلارمۇ قارىغۇمۇ، ئۇنى كۆرمەمسىلەر؟» دېگىنى زەئىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

13 ـ چىرايىنى سۈرمە ۋە شۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈش ۋە يـات ئەرلـەرنىڭ ئالدىدا يۈزىـنى ئېچىش تەبـەررۇج (ياسىنىـپ ـ تارىنىشنىڭ) جۈملىسىدىن.

14 ـ ئايالالرنىڭ ياشتا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھـەيزدىن ۋە تۇغۇتتىـن قالغـانلىرى مـەھرەملىرىنىڭ غەيرىگـە يۈزىـنى ئاچسا كېـرەك يـوق، لېكىـن ئۇلارنىـڭمۇ يۈزىـنى ياپقىنى ئـەۋزەل ۋە ئـەڭ ئېھتىياتلىق. «تاشـقى كىيىملىـرىنى سىلىقىتىشـتىن ساقلانسا ئـۇلار ئۈچـۈن ياخشىدۇر». (سۈرە نۇر 60 ـ ئايەت) [شەيخ ئىبنى باز]



http://nurislam.cn

15 ـ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ غەيرى مۇسۇلمان ئاياللار ئالدىدىكى كىيىنىشى: ئايالنىڭ ئايال ئۈچۈن ـ مەيلى ئۇ مۇسۇلمان ئايال بولسۇن، ياكى غەيرى مۇسۇلمان ئايال بولسۇن ـ كىندىك ئۈستى بىلەن تىزىنىڭ ئاستىنقى جايلىرىنى ئېچىش دۇرۇس، ئەمما كىندىكنىڭ ئاستى، تىزىنىڭ ئۈستى ئەۋرەت بولۇپ باشقائاياللارنىڭ كۆرىشى جايىز ئەمەس. [پەتۋا كومىتېتى]

16 ـ خىزمەتچى ئاياللارنىڭ ھىجاپلىنىشى: ئۇلار خوجايىن ئەرلەردىن ئۆزىنى ھىجاپلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۈرمەسلىكى لازىم. دەلىللەر ئومۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خوجايىن ئەرلىرى بىلەن خىلۋەتتە بىرگە تۇرىشى ھارام.

17 ـ تار كىيىملەرنى كىيىش: نىڭ ئاياللا جىسمىغا بولىدىغان سەلبىي تەسىرى: 1 ـ تېرىنىڭ سەزگۈرچانلىقنى يوقىتىش 2 ـ ئىچكى ئەزالارنى سىقىش. 3 ـ قان تومۇرلارنى سىقىش ئارقىلىق قان بىسىمىنى ئۆرلىتىۋېتىش ۋە ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر يەتكۈزۈش.

18 ـ ئاق كىيىملەرنى كىيىش تۆۋەندىكى ئىككى شەرت بىلەن جايىز، بىرى كىيىمنىڭ پوسۇن ۋە تىكىلىشى ئەرلەرنىڭ كىيىمگە ئوخشىماسلىق. يەنە بىرى شۇ كىيىم بىلەن بازار ـ رەستىلەرگە چىقماسلىق چۈنكى ئۇ ياسىنىپ ـ تارىنىش (تەبەررۇج) جۈملىسىدىندۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

19 ـ شەرئى نىمچا ـ پىلاشلارنى كىيىشنىڭ شەرتلىرى: 1) ئاستى كۆرۈنمەيدىغان دەرىجىدە قېلىنراق، بەدەنگە چاپلاشمايدىغان بولۇش. 2) پۈتۈن بەدەننى ياپالايدىغان ۋە كەڭ ـ كەڭرى بولۇش. 3) پەقەت ئالدىدىنلا ئېچىلىدىغان بولۇش ۋە يەڭ ئېغىزى تار بولۇش. 4) باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان، رەسىم، يېرىق



http://nurislam.cn

ۋە تۇرلۇك بەلگىلەردىن خالىي بولۇش. 5) دىنسىز ئايالالرنىڭ كىيىمگە ياكى ئەرلەرنىڭ كىيىمگە ئوخشىماسلىق. 6) نىمچا ـ پىلاشلارنى چوققىسىدىن باشلاپ سىلىش. [پەتۋا كومىتېتى]

## كىيىشكە رۇخسەت قىلىنغان كىيىملەر

20 ـ ئەگەر يۈزىنى ياپالايدىغان (ئىككى كۆزى ياكى ئىككى كۆزىنىڭ بىرى بۇنىڭ سىرتىدا) بولسا رومال (ياغلىق) چەكلىمە كېرەك يوق. ۋە ئەنە شۇ زىننەتلەرنى ئاشكارىلىمىغان، تولۇق ئورالغان بولۇش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئادىتى بار، بىراق ھەجدە رومال ـ ياغلىق چېگىشكە بولمايدۇ. يۈزىنى تولۇق يۆگىشى ۋاجىپ. (قارا رەڭلىك مەخسۇس نىقاب بىلەن يۆگەيدۇ) [شەيخ ئىبنى باز]

21 ـ ماسكا: بىز قەتئىي چەكلەش ياخشى دەپ قارايمىز، ئايالالر بۇ ئىشتا ۋە ياغلىق چېگىشتە شۇنىڭدەك ئىككى كىرپىكى، مەڭزى ۋە ئىككى قېشىنىڭ ئۈستى ئېچىلىپ قالىدىغان ماسكىلارنى تاقاشتا پەرۋەردىگارىمىزدىن قورقۇشى لازىم، يۇقىرىقىلاردا ۋە يۈزىنى ئوچۇق قويۇشتا پىتنە ـ پاسات بولىدىغانلىقى ئۈچۈن جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن ۋە ئىبنى فەۋزان]

22 ـ شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن مۇنداق دەيدۇ: ماسكا تارتىش، بۇرۇن، قاش ـ كىرپىك ۋە مەڭزىگە ئوخشاش يۈزىنىڭ بىر قىسمى ئېچىلىپ قېلىپ قارىغۇچىلارنى پىتنىگە تاشلايدىغانلىقى ئۈچۈن جايىز ئەمەس، ياغلىق ئۈستىدىن، ماسكىدىن كۆرۈنۈپ قالىدىغان يۈز قىسمىنى ياپالايدىغان بىراق كۆرۈشكە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان نېپىزراق رومال تاشلىۋېلىشى كېرەك.



http://nurislam.cn

## مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى

23 ـ مۇسۇلمان ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تولۇق ياپالايدىغان بولۇش شەرتى بىلەن رەڭدار كىيىملەرنى كىيىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

24 ـ ئەتراپىتىكى كىشىلەر تەرەپىتىن شەھۋىتى بار، ياكى ئايالارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدۇ دەپ قارالغان ئوغۇللارنىڭ ھىجابسىز ئايالارنىڭ قېشىغا كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

25 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:«قايسى بىر ئايال كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىنىڭ غەيرىدە سالسا،ئۆزى بىلەن اللە ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتقان بولىدۇ » دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: [ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسەت مۇددىئاسىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئايال كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىنىڭ غەيرىدە سېلىشقا سەل قارىشى مەنئى قىلىنغان، چۈنكى ئۇنداق بولغاندا ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ پاھىشە قىلىشقا ئورۇندى دېگەن تۆھمەتكە قېلىشى مۇقەررەر.

ئەمما ئۆز ئەھلىنىڭ ۋە مەھرەملىرىنىڭ ئۆيىدە كىيىم ئالماشتۇرۇش ياكى دەم ئېلىش ئۈچۈن كىيىمنى سېلىش جايىز، چۈنكى ئۇ پىتنىدىن يىراق، غەيرى مەقسەتلەردىن خالىي. [پەتىۋا كومىتېتى]

## ئايالارنىڭ كىيىشى چەكلەنگەن كىيىملەر

26 ـ ئايالارنىڭ سۇيۇق، نىپىز كىيىملەرنى كىيىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]



http://nurislam.cn

27 ـ ئاياللارنىڭ يۈزىنى ياپالمايدىغان نىپىز روماللارنى ئارتىشى جايىز ئەمەس.

28 ـ ئاياللارنىڭ شىم ئىشتان كىيىشى جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇلار شىم ئىشتان كىيگەندە ئەرلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ، شىم ئىشتان ئەرلەرنىڭ خاس كىيىمى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا، ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە لەنەت قىلغاندۇر. [پەتىۋا كومىتېتى]

29 ـ ئاياللارنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەرنى كىيىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

30 ـ ئاياللارنىڭ يېپىشقا تىگىشلىك ئەزالىرىدىن بىرەرسى ئېچىلىپ قالىدىغان قىسقا كىيىملەرنى كىيىش جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

31 ـ ئاياللارنىڭ غەيرى دىندىكى ئاياللارغا كىيىملەرنى كىيىشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

32 ـ ئاياللارنىڭ يات ئەرلەر بار سورۇندا ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى كۆتۈرۈپ پاچىقىنى ياكى پاچىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئېچىشى جايىز ئەمەس. چۈنكى ئاياللارنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەت. [پەتىۋا كومىتېتى]

33 ـ ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا ئىمچىلىرىنى تاغىقىغا چۈشۈرۈۋېلىشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

34 ـ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇسۇلچى ئاياللارغا ئوخشاش تار، قىسقا كىيىملەرنى كىيىۋېلىشى جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇ زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەرنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاپ بۇزۇق يامان ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

35 ـ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە ھەيرانلىقنى،



http://nurislam.cn

كۆلكىسىنى قوزغايدىغان داڭلىق كىيىملەر ئەۋرەتنى ياپىدىغان كىيىملەر ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

36 ـ ئاياللارنىڭ چېچى كۆرۈنۈپ قالىدىغان نىپىز ياغلىقلارنى چىگىشى جايىز ئەمەس.

37 ـ ئاياللارنىڭ ئۆز مەھرەملىرىنىڭ غەيرىگە ئالقىنىنى ئېچىشى جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ئەۋرەت. [پەتىۋا كومىتېتى]

39 ـ ئاياللارنىڭ يات ئەرلەر ئالدىدا يۈزىنى ئېچىشى جايىزمۇ؟

ـ ئايال كىشى يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ئېچىشى ھارامدۇر، ھىجاب پەقەت يۈزىنى يېپىش بىلەنلا تولۇق بولىدۇ. ئاياللارنىڭ يۈزى گۈزەللىكنىڭ مەركىزى، بۇ ھەقتە اللە تائالا: ﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾ دېگەن. [سۈرە نۇر 31 ـ ئايەت]

ئايەتنىڭ مەزمۇنى: لېچەكلىرىنى بېشىدىن كۆكرەكلىرىگىچە تاشلىسۇن دېگەنلىك بولۇپ بۇ، باشنى كۆكرەك بىلەن قوشۇپ يېپىشقا دەلىلدۇر. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

40 ـ پۇتلىرى ئېچىلىپ قالىدىغان قىسقا كىيىملەرنى كىيىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئاياللار پۈتۈن بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشى ۋاجىپ. يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن نە يۈزى، نە قولى، نە پۇتى دېگەندەك بىرەر ئەزاسىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

41 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاياللار ئەۋرەتتۇر، ئەگەر ئۇ (سىرتقا) چىقسا شەيتان كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ» دېگەن ھەدىسىنىڭ مەنىسى: ئايال كىشى ئۆز ئۆيىدە تۇرسا ياخشى ۋە پىتنە پاساتتىن ئەڭ



http://nurislam.cn

يــراقتۇر، ئەگــەر ئــۆيدىن چىقسا ئۇنىڭغا شــەيتان بىللــە ئەگىشــىپ ماڭىدۇ. نــەتىجىدە شــەيتان ئۇنى ئازدۇرىدۇ، ئۇ باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ اللــە رەھمــەت قىلغــانلىرى بۇنــىڭ ســىرتىدا. مۇســۇلمان ئايــال بــىرەر زۆرۈرىيىتى بولمىسا ئۆيدىن چىقماسلىقى، چىققاندىمۇ پۈتۈن بەدىنىنى تولــۇق يېپىــپ چىقىشــى، زىنــنەت بۇيۇملىــرىنى تاقىماســلىقى ۋە خــۇش پۇراق ئىشلەتمەسلىكى لازىم.

**42** ـ پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: «ئــەھلى دوزاخلاردىن ئىككى تۈرلۈك كىشى بار، مەن تېخى ئۇلارنى كۆرمىدىم، ئۇنــىڭ بىــرى ئــۆزىمۇ پىتنىگــە مــايىل ۋە باشــقىلارنىمۇ پىتنىگــە مــايىل قىلغۇچى، كىيىم كەيگەن يالىڭاچ ئاياللاردۇر، ئۇلارنــىڭ بېشى تۆگــىنىڭ بىــر تەرەپكە ســاڭگىلاپ تۇرغــان لوكىســىغا ئوخشــايدۇ، ئــۇلار جەننەتكــە كىرمەيدۇ ۋە جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ ھىدلىيالمايدۇ».

«كــىيىم كەيگــەن يالىڭــاچ» دېگــەننىڭ مەنىســى: بــەدەننىڭ بــەزى يــەرلىرى كىيىملەنگــەن يەنــە بــەزى يــەرلىرى يالىڭــاچ دېگــەنلىك يــاكى كەيگــەن كىيىملىــرى تولىمــۇ نېپىــز بولــۇپ بــەدىنىنى ئوچــۇق كۆرســىتىپ تۇرىدۇ، بۇلارمۇ ھەم يالىڭاچقا تــەۋە ياكى كەيگــەن كىيىملىــرى بــەك تــار بولۇپ بەدەن شەكلىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ دېگەنلىك.

**43** ـ بــۇ سۆيــەتكە، كەشتىلەنگــەن پــلاش كىيىۋالغــان، شــۇنىڭدەك كــۆز ئەتراپلىــرىنى، مــەڭزىنى تولــۇق ياپالمايدىغان يــاغلىق چىگــىۋالغان ئايالارمۇ كىرىدۇ.

**44** ـ پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ «ئــۆزىمۇ پىتنىگــە مــايىل، باشقىلارنىمۇ پىتنىگە مايىل قىلغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاياق كىيىۋېلىپ ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭ سولغا ئېغاڭلاپ ماڭىدىغان ئايالار دېگەنلىك.

**45** ـ پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام ئۇلارنــى سۆيــەتلەپ: «ئۇلارنــىڭ



http://nurislam.cn

باشلىرى، بىر تەرەپكە سامداپ تۇرغان تۈگىنىڭ لوكلىرىغا ئوخشايدۇ» دېگەن. لوكسى بىر تەرەپكە سامداپ تۇرغان تۆگە، ئەرەب ئەللىرىدە ياشايدىغان تاق لوكلۇق تۆگىدۇر، ئاياللارنىڭ بېشى شۇ تۆگىلەرنىڭ لوكسىغا ئوخشاپ قېلىشى، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تۇرمەللەپ بىر يەرگە يىغىۋالغانلىقتىن بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

46 ـ ئاياللارنىڭ غەيرى مەھرەملىرى ئالدىدا مەيلى بەل تاسما ياكى ئۈنگىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن پەقەت ئوتتۇرىسىنىلا چىگىۋالىدىغان كىيىملەرنى كىيىشى، (مەيلى نامازدا بولسۇن مەيلى ناماز سىرتىدا بولسۇن) جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ئاياللارنىڭ بەدەن شەكلىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم]

47 ـ ئىنگىلىز يېزىقى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەرنى كىيىشى دۇرۇس ئەمەس.

48 ـ ئاياللارنىڭ ئۆرە تۇرغان ھالىتىدە كىيىمىنى يىغىۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ بەدىنىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم]

49 ـ تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق بوغۇزلىسا ھالال بولىدىغانلىرىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان تېرىلىرىنى ئاشلىغاندىن كېيىن ئىشلەتسە جايىز.

50 ـ چوشقا، ئىت قاتارلىق بوغۇزلىسىمۇ ھالال بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ئاشلىسا پاك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، شۇڭا ئۇنى ئىشلەتمىگەن ياخشى. [شەيخ ئىبنى باز]

51 ـ ئارىيەت ئالغان كىيىملەر: تىببىي مۇتەخەسسىلەر دەيدۇ: ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى بەدىنىنى قۇياش نۇرىغا قاقلىغانلىق سەۋەبلىك تېرە راكىغا گىرىپتار بولىدۇ.

52 ـ ئاياللارنىڭ مەخسۇس جايلاردا مەخسۇس كىيىم بىلەن سۇ ئۈزۈشى: ئاياللار كىندىكى بىلەن تىزى ئارىسىنى يېپىشى، كىيىمى قېلىن ۋە كەڭ بولۇشى، گەرچە ئاياللار ئارىسىدا بولسىمۇ ئەۋرىتىنىڭ شەكلىنى كۆستىپ بەرمەسلىكى لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

53 ـ كىيىم ـ كېچەكتە باشقىلاردىن پەرقلىق بولۇشنى ياخشى كۆرۈش: بۇنىڭدا كىبرى، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش مەقسەت قىلىنسا هارام، ئەگەر گۈزەللىك، زىننەت مەقسەت قىلىنسا دۇرۇس. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

55 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ياكى شاھادەت كەلىمىلىرى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەرنى كىيىش جايىز، لېكىن ئۇنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇخلىماسلىقى ھەم ئۇنىڭ بىلەن هاجەتخانىغا كىرمەسلىكى كېرەك. [پەتىۋا كومىتېتى]

56 ـ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەتكە كۆپ ئىقتىساد سەرپ قىلىش: مۇسۇلمان ھەر بىر ئىشتا نورمال بولۇشى، كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتلەردە ئوتتۇرھال خىراجەت قىلىش لازىم. اللە بەرگەن مال مۈلۈكنىڭ ھېسابىنى قىيامەت كۈنى چوقۇم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋە نەدىن تاپتىڭ؟ نېمىگە سەرپ قىلدىڭ؟ دەپ سوراق قىلىنىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

57 ـ ئايال ئۆز ئېرىنىڭ ئالدىدا شىم كىيسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

58 ـ ئېپپەتلىك ئاياللار ئۆزىنى پۇتۇنلەي ئوراپ يۈرۈش زۆرۈر ئەمەس، دېگەن كىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ بۇ كىتابۇللاھقا ۋە سۈننىتى رەسۇلۇللاھقا، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ۋە تەبىئىتىگە تۈپتىن خىلاپ، باتىل دەۋا، ھەر قانداق بىر ئايال قانچىلىك ئېپپەتلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر



http://nurislam.cn

ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۇرسە باشقا ئەرلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن شەيتان بىر بۆلۈك پاسىقلارنى ئازدۇرۇشى مۇمكىن. ئايال ئىپپەتلىك ۋە ئىسىل بولسا ھىجابلىنىش ئۇنىڭ شەرىپىنى تېخىمۇ ئاشۇردۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**59** ـ دىنىسىز ئەللەردە ساياھەتچى قىز ـ ئاياللارنىڭ ياسىنىپ ـ تارىنىپ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشى توغرا ئەمەس، بەلكى ئۇلار يات ئەرلەردىن ھىجابلىنىشى ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

**60** ـ پەرزەنتلەر ئالدىدا قىسقا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈش توغرا ئەمەس، ئاياللار ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە مەھرەملىرى ئالدىدا پىتنە قوزغىمايدىغان ۋە ئادەتتە ئوچۇق قويۇپ يۈرىدىغان ئەزالىرىنى يۆگىمەي يۇرسە كېرەك يوق. قىسقا كىيىملەرنى پەقەت ئېرى ئالدىدىلا كەيسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**61** ـ ئاياللارنىڭ ئاياللار ئالدىدا تار، نېپىز كىيىملەرنى كىيىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئاياللارنىڭ ئاياللار ئالدىدا ئۇنداق كىيىملەر بىلەن يۈرۈشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق كىيىنىش ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالىدۇ، ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، كېيىنچە ئازادە كىيىملەر ئۇنىڭغا ياقمايدىغان، ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**62** ـ بەزى ئاياللار نېمە ئۈچۈن پەردازلاپ ھاياسىزلارچە ياسىنىپ يۇرىدۇ؟

ـ ئىمانى زەئىپ بولغانلىقى ۋە رەھمان تائالادىن قورۇقمايدىغانلىقى ئۈچۈن. ئايال كىشى اللە نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغاندا اللەنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىغىنى ئۇنتۇپ قالسا، شەيتانغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى ۋە يامانلىق بىلەن تولغان نەپسى شەھۋىتىنى بېسىش



http://nurislam.cn

ئۈچۈن ئۆز خالىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئادىمى شەيتانلار ۋە جىننى شەيتانلار ئۇلارغا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مەن دوزاخقا قاراپ ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى ئايالالار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

63 ـ ناتوغرا تەربىيە: ئائىلە باشلىقى ئۆز ئەزالىرىنى ياخشى تەلىم تەربىيە بىلەن ئۈستۈرۈشكە سەل قارىسا ئائىلە ئەزالىرى گۇمراھلىق يولىغا كىرىپ قالىدۇ، قىزلار ئۆز ـ ئەھلىدىن تەلىم ئالىدۇ، ئەگەر ئانىسىنىڭ ئۆزىنى پەردازلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسە ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

64 ـ ئۈچۈر ۋاستىلىرى: ھازىرقى زامان ئۈچۈر ۋاستىلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئىسىل پەزىلەتنىڭ كۈشەندىلىرى شۇ ئىسىل پەزىلەتلەرنى مەسخىرە قىلىشنى نىشانلىدى. كىشىلەر قەلبىدىن مەنىۋي گۆھەرلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ رەزىل پاتقاقلارغا پاتۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىدۇر.

65 ـ تەقلىدچىلىق: پىتنە ـ پاسات ۋە ئازغۇنلۇق كۆپەيگەن بۇ دەۋردە بىر قىسىم ئايالالار تەقلىدچىلىقتا مەجنۇنلارچە ئۆزىنى ئۇرۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ بەدەن گۈزەللىكىگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەخلاق ـ پەزىلەت دىگەنلەر خىيالىغمۇ كىرىپ چىقمايدىغان غەرب ئايالالىرىغا تەقلىد قىلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئەخلاقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى غەربلەشكەن مۇسۇلمان ئايالالار مەيدانغا كەلدى.

66 ـ ناچار ھەمراھ: بۇ خۇددى: «ئۆلپەتنىڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق» دىگەن تەمسىلگە ئوخشايدۇ.

http://nurislam.cn

# توققۇزۇنچى ئاياللار ۋە ناماز توغرىسىدا

**84** جاۋاب بار:

**1** ـ ئاياللارنىڭ نامىزى بىلەن ئەرلەرنىڭ نامىزى ئوتتۇرىسىداھېچبىر پەرق يوق. بىربۆلۈك پىقھى شۇناسلار بەزىبىر پەرقلەرنى ئوتتۇرغا قويغان، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ناماز خۇددى: « نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار». يەنى: مەن قانداق ئوقۇغان بولسام سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار دېگەنلىك، بۇ ھەدىس ئەر ـ ئايالغا ئورتاق. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش رۇكۇ، سەجدە قىلىپ قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان جايلاردا ئۈنلۈك ئوقۇش سۈننەت. [شەيخ ئىبنى باز]

**2** ـ ئاياللار ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا يېپىشقا تېگىشلىك ئەزالىرىدىن پاقالچەك، پۇت دۈمبىسى ۋە باش ياكى باشنىڭ بىرقىسمى ئېچىلىپ قالسا ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

**3** ـ نامازدا ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە ئالقىنىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر (يېپىشقا تېگىشلىكتۇر) لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا يات ئەركىشى بولۇپ قالسا يۈزى ۋە ئالقىنىنى يېپىش كېرەك.

**4** ـ ئاياللارمۇ نامازنى ئۈنلۈك ئوقۇسا بولامدۇ؟

ـ قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئاياللارنىڭ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشى مۇستەھەب. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى يات ئەرلەر ئاڭلاپ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولسا مەخپىي ئوقۇغىنى ياخشى. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**5** ـ كۈندۈزلۈك نامازلىرىغا كەلسەك، ئۇ قىرائىتى ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان نامازلاردۇر، ئۇنىڭدا پەقەت كىشى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك



http://nurislam.cn

قىرائەت قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

6 ـ ئاياللارنىڭ سەترى ۋە كىرسىتىدىن بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەرنى كىيىشى ھارام، شۇنداق كىيىملەردە ناماز ئوقۇسا نامىزى گۇناھ بىلەن دۇرۇس.

7 ـ ناماز ئىچىدە چۈشكۈرۈش: ناماز ئىچىدە چۈشكۈرگەندە ئۈنسىز «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

8 ـ نامازدا ئىشارەت قىلىش: مەسىلەن: بىرسى سىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىرەر مەسىلە سورىسا سىز مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ باش ياكى قول ئىشارىتى قىلسىڭىز كېرەك يوق، نامازىڭىز بۇزۇلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

9 ـ ناماز ئىچىدە كۆپ ھەرىكەت قىلىش: ناماز ئوقۇغۇچى شۇ ھەرىكەتلەرنى كۆپىنچە بىھۇدە ھەرىكەت دەپ قارىسا ۋە شۇ ھەرىكەت ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرسە، ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى پەرز ناماز بولسا، نامازنى قايتا ئوقۇش ۋە تەۋبە قىلىش لازىم. بىراق ھەرىكەت ئۈچ قېتىم بىلەن چەكلىنىش كېرەك دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوق، ئاجىز سۆزدۇر. [شەيخ ئىبنى باز]

10 ـ ئاياللارنىڭ، ئاياللار ئالدىدا ياكى سەترەت ئالدىدا ناماز ئوقۇشى: ئاياللار نامازدىن كاشىلا قىلىدىغان ۋە ئېلىشتۇرىدىغان ھەر قانداق بىر نەرسىدىن يىراق تۇرۇشى لازىم ۋە سەترەت ئىسلىمىغان ھەيكەل قويۇلمىغان جايدا ناماز ئوقۇش كېرەك.

11 ـ سەجدە قىلغاندا ئىككى جەينىكىنى يەرگە قويۇش: مەيلى پەرز ناماز بولسۇن، مەيلى نەپلە ناماز بولسۇن جەينەكنى يەردىن كۆتۈرۈپ سەجدە قىلىش سۈننەت ۋە سەجدە قىلغاندا ئالقىنىغا تايىنىپ تۇرۇش كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]



http://nurislam.cn

12 ـ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بۇرنى قانىسا: ئەگەر چىققان قان ئاز بولسا ئەپۇ قىلىنىدۇ ۋە لۇڭگىدەك نەرسە بىلەن سۈرتىۋەتسە بولىدۇ، ئەگەر قان كۆپ چىقىپ كەتسە نامازنى توختىتىپ قاننى تەلتۆكۈس تازىلىۋەتكەندىن كېيىن نامازنى باشتىن باشلاپ ئوقۇش كېرەك.

13 ـ ئاللار ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنسا: ئەگەر ئايالنىڭ ئوقۇۋاتقىنى نەپلە ناماز بولسا ئۇنىڭغا يول كەڭرى، نامىزىنى توختۇتۇپ ئىشىك قاققۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ باقسا بولىدۇ. ئەمما پەرز نامازدا بەرەر مۇھىم ئىش بولمىسا ئالدىرماسلىق كېرەك. ئاگاھلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولسا شۇنداق قىلىش كۇپايە.

14 ـ سۈيدۈك دائىم تامچىپ تۇرىدىغان ئايال نامازنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇ خۇددى ئىستىھازەلىك ئايالغا ئوخشاش ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە تاھارەت ئېلىپ، مۇمكىن بولسا سۈيدۈك يولىغا پاختىدەك بىرنەرسە تىقىپ قويۇپ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشى كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

15 ـ قىبلىنىڭ غەيرىدە جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى بار جايدا ناماز ئوقۇش: مۇسۇلمان شەرىئەت كۆرسەتكەن ئۇسۇلدا ئادا قىلسا نامىزى دۇرۇس، بىراق سۈرەتسىز جاينى تېپىپ ئوقۇش ئەۋزەل.

16 ـ بىلمەستىن قىبلىنىڭ غەيرىگە قاراپ ناماز ئوقۇش: يېزا ـ قىشلاقلاردا بولۇپ قالسا قىبلە تەرەپنى تېپىشقا تىرىشىش، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ناماز ئوقۇش، شۇنداق ئوقۇغان ناماز دۇرۇس ۋە ئۇنىڭغا قازامۇ كەتمەيدۇ. بىراق يۇرت ئىچىدە بولسا نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۆز يۇرتىدا قىبلىنى سوراپ تېپىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

17 ـ ئايالالارنىڭ مۇمكىن بولسا خۇپتەن نامىزىنى كېچىك تۇرۇپ ئوقۇغىنى ئەۋزەل لېكىن كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈۋېتىش توغرا



http://nurislam.cn

ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

**18** ـ نامازدىكى ئوغرىلىق: ئوغرىلىقنىڭ ئەڭ يامىنى ناماز ئوغرىلاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئادەملەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئۆز نامىزىنى ئوغرىلايدىغان ئادەمدۇر» دېدى ساھابىلەر: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى، كىشىلەر قانداقمۇ ئۆز نامىزىنى ئوغرىلىسۇن؟ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: «نامازنىڭ رۇكۇسىنى ۋە سەجدىسىنى تولۇق قىلمايدۇ، (ئەنە شۇ نامىزىنى ئوغرىلىغانلىق)» دېدى (ئەھمەت رىۋايەت قىلغان) رۇكۇ، سەجدىنى كامىل قىلماسلىق ۋە رۇكۇ، سەجدە ئارىلىقىدا ئارام ئالماسلىق خەتەرلىك ئەھۋال.

**19** ـ نامازدا ئەسنەكنى يۇتۇۋېتىش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەرسىڭلارغا نامازدا ئىچىدە ئەسنەك كەلسە ئۇنى يۇتۇۋەتسۇن (بولمىسا) شەيتان كىرىۋالىدۇ» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

ئەسنەكنى يۇتۇش قولنى ئېغىزغا قويۇۋېلىش بىلەن بولىدۇ.

**20** ـ ئايال كىشىنىڭ نامىزى، ئالدىدىن ئايال كىشىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇزۇلامدۇ؟

ـ شۇنداق بۇزۇلىدۇ، لېكىن ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا توسۇق بولسا، ئۆتكۈچى شۇ توسۇقنىڭ كەينىدىن ئۆتسە ياكى جاي ناماز ئۈستىدە ئوقۇۋاتقان بولسا جايىنامازنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئۆتسە ۋە ياكى جايىنامازمۇ يوق، توسۇقمۇ يوق ئەھۋالدا سەجدە قىلىدىغان جايدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتسە دەخلىسى يوق، بىراق ئىمامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا ئۇنىڭ نامىزىنى ھېچ قانداق نەرسە ئۈزۈپ قالالمايدۇ. چۈنكى ئىمامنىڭ توسىقى كەينىدىكىلەرنىڭمۇ توسىقىدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**21** ـ ئەگەر ئايال ئايرىپىلاندا بولۇپ ناماز ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قورقسا گەرچە كىيىم ـ كېچەكلىرى ناپاك بولغان تەقدىردىمۇ



http://nurislam.cn

نامىزىنى ئوقۇيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

22 ـ ئايروپىلان ئىچىدە ناماز ئوقۇش: ئايروپىلان ئۈزلۈكسىز ئۇچىۋاتقاندا ناماز ۋاقتى كىرىپ قالسا ۋە ئايروپىلان بىرەر ئايروپورتقا قونۇشتىن ئىلگىرى ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولسا ئايروپىلان ئىچىدىلا شۇ نامازنى رۇكۇ، سەجدە ۋە قىبلىگە قاراش جەھەتلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئادا قىلىش ۋاجىپ.

23 ـ بىراق نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئايروپىلاننىڭ بىرەر ئايروپورتقا قونۇشى بىلىنسە پېشىن بىلەن ئەسىرنى، شام بىلەن خۇپتەننى بىرىنىڭ ۋاقتىغا جەملەپ ئوقۇسا بولىدۇ، كۆپىلگەن ئالىملار ئايروپىلان ئىچىدە ناماز ئوقۇش جايىز دېگەن قاراشقا قوشۇلغان. [پەتىۋا كومىتېتى]

24 ـ نامازدا كىچىك بالا كۆتۈرۈۋېلىشى: تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا نامازدا بالا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بالا پاك بولغان ئەھۋالدا، كۆتۈرۈۋالمىسا زادى بولمىسا ئاندىن بالاكۆتۈرۈۋېلىشقابولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

25 ـ ھەرەمدە ناماز ئوقۇۋاتقان ئايال بالىسىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان نامىزىنى ئۈزۈپ قويسا بولامدۇ؟

ـ ئەگەر ئايالغا نامىزىنى ئۈزۈپ قويماي بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇمكىن بولسا نامىزىنى ئۈزۈپ قويماي خەۋەر ئېلىش، ئەگەر بالىسىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن قورقسا نامىزىنى توختىتىپ قويۇپ بالىسىنى مۇھاپىزەت قىلسا بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

26 ـ ئوقۇغۇچى پېشىن ۋاقتى كىرىش بىلەن دەرسخانىغا كىرسە، دەرسنىڭ ئىككى سائەت داۋاملىششىنى بىلسە قانداق قىلىدۇ؟

ـ پېشىنىنىڭ ۋاقتى ئىككى سائەتتە چىقىپ كەتمەيدۇ، ناماز پېشىنىنىڭ ۋاقتى كۈن ئىگىلگەندىن تاكى ئەسىرنىڭ ۋاقتىغىچە بولىدۇ.



http://nurislam.cn

بۇ ئارىلىقتىكى ۋاقىت ئىككى سائەتتىنمۇ كۆپرەك، ئەگەر دەرس ئەسىر ۋاقتى كىرىپ قالغاندا تۈگەش مۆرچەرلەنسە ۋە دەرسخانىدىن چىقىش ئىمكانىيىتى بولمىسا پېشىننى ئەسىر بىلەن جەملەپ ئوقۇش جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

27 ـ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كېسەل سەجدە قىلىدىغان جايغا ياستۇق قويۇپ ياستۇق ئۈستىگە سەجدە قىلسا بولامدۇ؟

ـ سەجدە قىلىدىغان جايغا ياستۇق ۋە باشقا نەرسە قويۇپ ئۈستىگە سەجدە قىلىش سۈننەت بولماستىن بەلكى مەكرۇھقا يېقىنراق، ئۇنداق ئايال رۇكۇ، سەجدىلەرنى باش ئىشارىتى بىلەن قىلسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

28 ـ كېسەل ئادەمنىڭ قىيامدا تۇرۇش ھالىتى بەدەشقان قورۇپ ئولتۇرۇشتۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

30 ـ كېسەل ئادەم تۇرالىسا تۇرۇپ، بولمىسا ئولتۇرۇپ، ئۇمۇ بولمىسا يېنىچە يېتىپ دىگەندەك چامىنىڭ يېتىشىچە ناماز ئوقۇيدۇ. كېسەللىك سەۋەبى بىلەن نامازنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئەمما پېشىن بىلەن ئەسىرنى،شام بىلەن خۇپتەننى بىرەرسىنىڭ ۋاقتىغا جەملەپ ئوقۇسا بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

31 ـ نامازدا زېھنىنى چېچىش: زېھنى چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئوقۇغان ناماز دۇرۇس، لېكىن چېچىلىش دەرىجىسىگە قاراپ نامازنىڭ ساۋابىمۇ كېمىيىپ ماڭىدۇ، نامازنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن،الله دىن ئەيمەنگەن ھالدا ئوقۇش ئۈچۈن ئىمكان بار زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ، شۇنداق بولغاندا ئوقۇغان ئايەتلىرىڭىزنىڭ مەنا ـ مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ تۇرالايسىز، بۇنىڭ ئامالى: كۆڭلىڭىزگە الله نىڭ سىزنى كۆزۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەكىلىڭ، قوغلاندى شەيتان ئەلەيھى لەئىنىدىن الله قا سېغىنىپ كۆپ



http://nurislam.cn

پاناھ تىلەڭ! [پەتىۋا كومىتېتى]

23 ـ نامازدا سەھۋەنلىك كۆرۈلۈپ بىرەر رەكئەتنى ئۇنتۇلۇپ قالسا، نامازنى باشتىن باشلاپ ئوقۇيامدۇ؟

ـ باشتىن باشلاپ ئوقۇش كەتمەيدۇ، لېكىن ئۇنتۇلۇپ قالغان قىسمىنىلا ئوقۇيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

24 ـ بىرەرسى كۈن چىققۇچە ئۇخلاپ قالسا بامدات نامازنى ئوقۇمدۇ ياكى ئوقۇمامدۇ؟

ـ كىشى راستىنلا قاتتىق ئۇخلاپ قېلىپ كۈن چىققۇچە ئويغۇنالمىسا، بامدات نامازنى كۈن چىققاندىن كېيىن ئىلگىرىكىدەكلا ئوقۇيدۇ ۋە پەرەزنىڭ ئالدىدا سۈننىتىنى ئوقۇيدۇ.

25 ـ ئەر ئۆز ئايالىنى مەسچىتكە چىقىشتىن توسسابولامدۇ؟

ـ ئايال پۈتۈن بەدىنىنى تولۇق يۆگەپ ئاندىن مەسچىتكە چىقماقچى بولسا، ئېرىنىڭ ئۇنى توسۇشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

26 ـ ھەيزدار ئايال مەسچىتكە كىرسە بولامدۇ؟

ـ ھەيزدار ئايالنىڭ مەسچىتكە كىرىشى ھارام ۋە شۇنىڭدەك مەسچىتكە يانداپ سېلىنغان جايلارغا كىرىشمۇ ھارام. [پەتىۋاكومىتېتى]

27 ـ نامازدا خۇشۇئ قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى: ناماز الله تائالا بىلەن مۇڭدىشىش ئىكەنلىكىنى بىلىش، نامازخاننىڭ قەلبىدە، الله نىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش ھازىر بولىدۇ. نامازنى ئارام دىللىق بىلەن بىلەن ئوقۇش، ئالدىرماسلىق. نامازدا ئوقۇلغان ئايەتلەرنى ۋە نامازنىڭ زىكرى ـ تەسبىھلىرىنى ئويلىنىش نامازنىڭ قىرائىتىنى ئېنىق،

http://nurislam.cn

دانىمۇدانە، گۈزەل ئاۋاز بىلەن قىلىش. سەجدىگاھقا قاراپ تۇرۇش، ئوتۇق - سول تەرەپكە قارىماسلىق. نامازخاننى كاشىلا قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن يىراق بولۇش.

**28** - ناماز ئىچىدە كۆزنى يۇمۇۋېلىش: ناماز ئىچىدە كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇش، ئوت پەرەسلەرنىڭ ئوتقا ئىبادەت قىلغان چاغدىكى ھالىتىگە، يەھۇدىيلارنىڭ ناماز ئوقۇش شەكلىگە ئوخشاپ قالغانلىق ئۈچۈن مەكرۇھ، ئىسلامىيەت ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندۇر.

**29** - زۆرۈرىيەتسىز نامازدا ئوتۇق سولغا قاراش: نامازنىڭ مەكرۇھلىرىدىندۇر، چۈنكى ئىنسان نامازغا تۇرسا، الله ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان بولىدۇ، شۇڭا نامازدا ئۇيان - بۇيانغا قاراش الله قا ئەدەپسىزلىك قىلغانلىق.

**30** - نامازدا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۈكرۈۋېتىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

- ناماز ئىچىدە شەيتان كۆڭلىگە بىرەر ۋەسۋەسە سالسا قەلبىدە بولسىمۇ الله قا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەپ سول تەرەپكە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**31** - ناماز ئوقۇمايدىغان ئايالنىڭ باللىرى: ئايالنىڭ ناماز ئوقۇمايدىغان ئەردىن بولغان باللىرى ياكى ئەرنىڭ ناماز ئوقۇمايدىغان ئايالدىن بولغان باللىرى شۇلارنىڭ باللىرىدۇر. گەرچە نىكاھدا شۇبھە بولسىمۇ بالا يەنىلا ئۇلارغا مەنسۇپ.

**32** - ئادەم نامازدا تۇرۇپ سۈيدۈك ماڭغاندەك بىر سېزىم - ھېس قىلىدۇ. شۇ خىل سېزىم نامازنى بىكار قىلامدۇ؟

- بۇ خىل سېزىم بىلەن تاھارەت سۇنۇپ كەتمەيدۇ، نامازمۇ



http://nurislam.cn

بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ چۈنكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى خالاس، بىراق سۈيدۈك راست ماڭغانلىقى جەزم قىلىنسا ئاندىن ناماز بۇزۇلىدۇ.

33 ـ نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇغان ياكى ئوقۇمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟

ـ گۇمان بىلەن تەكرار ئوقۇش ۋە قايتىلاپ ئوقۇش مەكرۇھ، بىراق قايتىلاپ ئوقۇپ قالسا ئىھتىيات يۈزىسىدىندۇر، سەھۋە سەجدىسى كەتمەيدۇ، مۇباداسەجدە قىلىپقالسا كىرەك يوق. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

34 ـ تۇغۇت ئەلمىنى ھىس قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسام دۇرۇس بولامدۇ؟

ـ ئاياللار ھەيزدىن ياكى نەپاسدىن پاك بولغان ھالەتلىرىدە ناماز ئوقۇيدۇ، بىراق تۇغۇتنىڭ بىرەر كۈن ئالدىدا قان كۆرسە ئۇ نەپاسنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ئۇ ھالدا ناماز ئوقۇمايدۇ. ئەمما قان كۆرمىسە گەرچە تۇغۇت ئەلمىنى ھىس قىلىپ تۇرسىمۇ ناماز ئوقۇيدۇ. خۇددى كىسەل ئادەم كىسەللىك ئازابىنى ھىس قىلىپ تۇرسىمۇ ناماز ئوقۇغاندەك، كىشىنىڭ ئەقلى ـ ھۇشىلا بولىدىكەن ئۇنىڭدىن ناماز ساقىت بولمايدۇ.

35 ـ ئايالларنىڭ جىنسىي يولدىن چىققان ھاۋا نامازنى بۇزامدۇ؟

ـ جىنسىي يولدىن چىققان ھاۋا تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

36 ـ داۋاملىق سۈيۈقلۇق كېلىپ تۇرىدىغان ئايال، پەرز نامازغا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا ۋە قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلسا بولامدۇ؟

ـ يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگىچە پەرز ـ نەپلە نامازلارنى ئوقۇسا ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

**37** ـ ئايال كىشىنىڭ ئىككى ھەرەمدە ئوقۇغان نامىزى ئەۋزەلرەكمۇ ياكى ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزى ئەۋزەلرەكمۇ؟

ـ ھەرەمگە قارىغاندا مەككىدە ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ھەسسىلەپ ئارتۇق بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيى مەككىدە بولسا ئىنشا اللە ئۇنىڭ ساۋابىمۇ ھەسسىلەپ بولغۇسى. مەدىنىگە كەلسەك: ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ بولۇشى مەسجىد نەبىۋىگە خاستۇر، لېكىن ئايال كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئۆيىدە ئوقۇسا ئۇنىڭدىن كۆپ ساۋابقا نائىل بولالىشىدا ئۈمىد بار. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**38** ـ ئايال كىشى يۈزىنى ئوراپ ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟

ـ ئاياللارنىڭ نامازدا يۈزىنى ئورىۋېلىشى مەكرۇھتۇر، چۈنكى رومال ئۇنىڭ پېشانە ۋە بۇرنىنى ناماز گاھتىن ئايرىپ قويىدۇ. [كىتابۇل مۇغنى]

**39** ـ ئايال كىشى تەراۋىھ نامىزىغا چىقىش ئۈچۈن ئائىلىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرنى تاشلاپ قويسا بولامدۇ؟

ـ ئايال كىشى تەراۋىھ نامىزىغا چىقىش سەۋەبلىك ئائىلە ئىشلىرى تاشلىنىپ قالسا، تەراۋىھ نامىزىغا چىقماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئايال كىشىنىڭ ئۆي ئىشلىرنى بىر تەرەپ قىلىشى، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ۋاجىپ، بىرەر توسالغۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەسجىدكە چىقىشى مۇباھ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**40** ـ نامازدا ئاياللارنىڭ ئالقىنى ۋە پۇتىنىڭ دۈمبىسىنى يۆگەشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ گەرچە قىشىدا ئەركىشى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ نامازدا ئالقىنى ۋە پۇتىنى يۆگەش ۋاجىپ، بىراق قىشىدا مەھرەملىرىدىن باشقا ئەركىشى



http://nurislam.cn

بولمىغان ئەھۋالدا يۈزىنى يېپىش بۇنىڭ سىرتىدا. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

41 ـ ئايالىلار نامازدا چېچىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈۋالسا بولامدۇ؟

ـ ماڭلاي چاچنىڭ پېشانىگە چۈشۈۋېلىشىنىڭ ھېچ بىر زىيىنى يوق. لېكىن سەجدىدە پېشانىنىڭ بىۋاستە يەرگە تېگىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پېشانىگە چۈشۈۋالغان چاچنى ياغلىق ئىچىگە تىقىۋېتىكەن ئەۋزەل. [شەيخ ئىبنى باز]

42 ـ بەزى بىر چاغلاردا ناماز ئوقۇۋاتسام ئاق سۇ ماڭىدۇ، شۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئۇ سۇ نىجىس، سۈيدۈكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش، سىز ئىستىنجا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاھارەت ئېلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇ شەھۋەتسىز كەلگەن بولسا غۇسلى ۋاجىپ ئەمەس. بەدىنىڭىز ۋە كىيىمىڭىزنىڭ ھېلىقى سۇ يۇقۇپ قالغان جايلىرىنى يۇيۇۋېتىشىڭىز لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

## ئوقۇلماي قالغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر

43 ـ بامداتتىن ئىلگىرى پاك بولغان ئايال ناماز شام بىلەن ناماز خۇپتەننى ئوقۇمدۇ؟

ـ ھەيزدار ياكى نەپاسدار ئايال ناماز بامداتتىن ئىلگىرى پاك بولۇپ قالسا شام بىلەن خۇپتەننى ئوقۇشى كېرەك.

[شەيخ ئىبنى باز]

44 ـ شامدىن بۇرۇن پاك بولۇپ قالسا پېشىن بىلەن ئەسىرنى جەملەپ ئوقۇش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]



http://nurislam.cn

**45** ـ ناماز بامدات ئوقۇش ئۈچۈن ئويغاندىم لېكىن كۈن چىققاندىن كېيىن قان كۆردۈم شۇڭلاشقا ناماز بامداتنى قايتا ئوقۇشۇم كېرەكمۇ؟

ـ توغرا، سىز تېخى قان كۆرمەستە ھەم بامداتنىڭ ۋاقتى كەتمەستە ئويغىنىپمۇ نامازنى كۈن چىققۇچە ئوقۇماي قان كۆرۈپسىز، شۇڭا ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن شۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشىڭىز كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**46** ـ بىرەر ئايال تالاق قىلىنىپ نەتىجىدە قانمۇ كۆرمەي ئىككى كۈنلۈك نامازنى ئۆتتۈپ قالسا كېيىن شۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟

ـ شۇنداق قازاسىنى قىلىدۇ، چۈنكى ئۆتتۈپ قىلىش، كېسەللىك ۋە دەرد ـ ئەلەم سەۋەبلىك نامازنىڭ ۋاجىپلىقى ساقىت بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى سەئىد]

**47** ـ بىر ئايال چۈشتە پېشىن نامىزى ئوقۇماي تۇرۇپلا ھەيز كۆرۈپ قالغان بولسا كېيىن شۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشى لازىم. چۈنكى بىر ۋاقىتلىق نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش جاپالىق ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**48** ـ بامدات نامىزىنى كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ كۆپىلگەن ئالىملارنىڭ قارىشىدا قەستەن شۇنداق قىلغان بولسا دىندىن چىقىدۇ، قىلمىشىغا قاتتىق تۆۋبە قىلىشى لازىم. بىراق ئۆتتۈپ قىلىپ، ياكى ئاغرىپ قىلىپ ۋە ياكى ئۇخلاپ قىلىپ شۇنداق قىلسا قازاسىنى قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**49** ـ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازنىڭ قازاسى: كىشى نامازنى قەستەن تەرك ئەتسە قازاسى قىلىنمايدۇ. بەلكى قىلىپ بولغىنىغا تەۋبە



http://nurislam.cn

قىلىدۇ ۋە كەلگۈسىدە ناماز تاشلىماسلىقتا بەل باغلايدۇ، بىراق كىيسەل سەۋەبىدىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ۋە ياكى ئۇخلاپ قالغانلىقتىن بولسا قازاسىنى قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**50** ـ بىر ئايال بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئويغىنىپ كۈن چىققاندىن كېيىن ھەيزىنىڭ قېنى كەلسە: پاك بولغاندىن كېيىن ناماز بامداتنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، چۈنكى نامازنىڭ ئەسلى ۋاقتىدا قان كەلمىگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**51** ـ ھەيزدار ئايال، ھەيزدىن پاك بولۇپ نامازنىڭ ئاۋۋالقى ياكى ئاخىرقى ۋاقتىدىن بىر رەكەت ناماز ئوقۇغۇدەك ۋاقىت تاپسا، ناماز ئوقۇش ۋاجىپ. ئاۋۋالقى ۋاقىت دېگىنىمىز، مەسىلەن: بىرەر ئايال كۈن كىرىپ كېتىپ بىرەر رەكئەت ناماز ئوقۇۋالالىغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھەيز كۆرۈپ قالسا پاك بولغاندىن كېيىن ناماز شامنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ۋاقىتنى ھەيز كۆرۈشنىڭ ئالدىداتاپقان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**52** ـ ئاخىرقى ۋاقتى دېگىنىمىز، مەسىلەن: بىرەر ئايال كۈن چىقىشتىن بىرەر رەكئەت ناماز ئوقۇشقا يەتكۇدەك ۋاقىتنىڭ ئالدىدا ھەيزدىن پاك بولسا ناماز بامداتنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ناماز بامداتنىڭ ۋاقتىدىن بىرەر رەكئەت ناماز ئوقۇشقا يەتكۇدەك ۋاقىتنى تاپقان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## نەپلە نامازغا ئالاقىدار مەسىلىلەر

**53** ـ چاشكا نامىزى: ئۇ نامازنى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ قىزىقلىقى ئاشقاندا ئوقۇغان ئەۋزەل، چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ئەقەللىسى ئىككى رەكئەت، كۆپىنىڭ چېكى يوق. [شەيخ ئىبنى باز]



http://nurislam.cn

54 ـ تەسبىھ نامىزى: تەسبىھ نامىزى توغرىلىق كەلگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھەدىسنىڭ تېكىستى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپلە ناماز توغرىلىق سۆزلىگەن سەھىھ ھەدىسلىرىگە خىلاپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

55 ـ ۋىتىر نامىزنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟

ـ ۋىتىر نامىزنى چاشكا نامىزىغىچە كېچىكتۈرۈپ قويىاش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇيدۇ، ئەگەر ۋىتىر نامىزنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇپ ئادەتلەنگەن بولسا ـ يۇ كېچىدە ئۇخلاپ قېلىپ ياكى كېسەل بولۇپ قېلىپ ئوقۇيالمىسا چاشكا نامىزنى ئىككى سالام بىلەن (ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن) تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئۇ بەش رەكئەت ئوقۇپ ئادەتلەنگەن بولسا ئۈچ سالام بىلەن ئالتە رەكئەت ئوقۇيدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

56 ـ نەپلە ناماز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش يوللۇق بولسىمۇ ۋاجىپ ئەمەس. بىرەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئۈزۈپ قويسا بولىدۇ. ئەمما ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش، كامىل تاماملاش ئەۋزەل، بىراق ھەججە ياكى ئۆمرىگە نىيەت قىلسا گەرچە ئۇ نەپلە بولسىمۇ كامىل تاماملاش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

57 ـ تۆبە نامىزى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس قالغان: «بىرەر بەندە گۇناھ سادىر قىلىپ سالغاندىن كېيىن(گۇناھىغاپۇشايمان قىلىپ) تاھارەتنى ئوبدان ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ قېلىپ سالغان گۇناھى ئۈچۈن، الله قا تۆبە قىلسا الله ئۇنىڭ تۆبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان) [شەيخ ئىبنى باز]

58 ـ ئىستىخارە نامىزى: ئوقۇش ئۇسۇلى باشقا نەپلە نامازلارغا



http://nurislam.cn

ئوخشاش بولۇپ ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ، ئىستىخار دۇئاسى بولساسالامدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**59** ـ ۋىتىر نامىزى ئوقۇۋاتقاندا بامداتقا ئەزان چىقىپقالسا؛ ۋىتىر نامىزنى ئوقۇۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ھېچ بىر زىيىنى يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**60** ـ بىرەر كىشى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ۋىتىر نامىزنى ئوقۇپ يەنە شۇ كېچىنىڭ ئاخىرىدا ناماز ئوقۇماقچى بولسا؛ ۋىتىرسىز ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن خالىغانچە ئوقۇسا بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كېچىدە ئىككى قېتىم ۋىتىر نامىزى ئوقۇش يوق» دېگەن. [شەيخ ئىبنى باز]

**61** ـ خىزمەت ۋاقتىدا چاشكا نامىزى ئوقۇش؛ مۇ ئەللىمەلەر ياكى باشقا خىزمەتچىلەر چاشكا نامىزنى ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا مۇھىم ۋەزىپىسى بولمىسا ئوقۇسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**62** ـ ھاجەت نامىزى ۋە قۇرئان كەرىمنى يادلاش نامىزى: ھەر ئىككىلىسى توغرا ئەمەس، شەرئى جەھەتتە دەلىلسىز، ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## جامائەت نامىزىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر

**63** ـ ئايالارنىڭ ئەزان، تەكبىر ئېيتىشى يوللۇقمۇ؟

ـ ئايالارنىڭ مەيلى يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا بولسۇن، مەيلى ئايالار بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا بولسۇن ئەزان ـ تەكبىر ئېيتىشى يولغا قويۇلمىغان، ئەزان ـ تەكبىر مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەرلەرگە خاستۇر. [پەتۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

64 ـ ئايال كىشى ئاياللارغا ئىمام بولۇپ پەرز نامازلارنى ۋە تەراۋىھ نامازنى ئوقۇپ بەرسە بولىدۇ، بىراق ئەرلەرنىڭ ئىماملىرىغا ئوخشاش سەپنىڭ ئالدىغا چىقىۋالماسلىقى كېرەك. [پەتىۋا كومىتېتى]

65 ـ ئەر مەسجىد ئىچىدە ئايالى بىلەن بىرسەپتە تۇرۇشى جايىز ئەمەس، بىراق ئايالى يالغۇز بولسا كېرەك يوق. [شەيخ سەئىد]

66 ـ ئاياللارنىڭ مەسجىدىل ھەرەمدە ئوقۇغان نامىزىدىن ئۆيدە ئوقۇغان نامىزى ئەۋزەل، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇپ: «ئاياللار ئۇچۇن ئۆز ئۆيلىرى ياخشى» دېگەن. چۈنكى ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئەڭ ئوبدان ھىجاپلىنالايدۇ ۋە پىتنىدىن ئەڭ يىراق تۇرالايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

67 ـ ئاياللارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرى ئەرلەرنىڭكىدىن يىراق، ۋە ئايرىم بولسا پىتنە خەۋپى تۆگەيدۇ،شۇنداق بوغاندا ئۇلار ئۇچۇن سەپنىڭ ئەۋۋىلى ياخشى. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن، شەيخ ئىبنى فەۋزان]

68 ـ ئاياللارنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇشى: ئاياللار ئىمام بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇسا دۇرۇس، ئەگەر ئۆز ئۆيىدە ئوقۇسا پېشىن نامىزىنىلا ئوقۇيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

69 ـ رادىئو ۋە تېلېۋىزورلاردىن ئىمامنىڭ قىرائىتىنى، رۇكۇ، سەجدىلەرگە ئېيتقان تەكبىرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىسمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پە ـ نەپلە نامازلارنى ئوقۇشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

70ئاياللار نامازدا پەلەي كىيىۋالسا ھېچ ۋەقەسى يوق، چۈنكى ئۇلار نامازدىمۇ مەستۇرە بولۇشقا بۇيرۇلغان.

جامائەت نامىزىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى

71 ـ ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيتى ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيتىدەك



http://nurislam.cn

تەكىتلەنمەيدۇ.

72 ـ ئۇلارنىڭ ئىماملىرى سەپنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ.

73 ـ ئۇلار ئەرلەرنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ .

74 ـ ئۇلار ئەرلەر بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن ئاخىرقى سېپى ئەۋزەل. [ئىمام نەۋەۋى]

75 ـ ئاياللار مەسجىدتە پەقەت ئىمامنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا ئىمامنىڭ ئۆزىنى كۆرمىسىمۇ نامىزى دۇرۇس، چۈنكى ئىمام بىلەن بىر ئورۇندا، شۇڭا ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇشى تامامەن مۇمكىن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

76 ـ ئاياللارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش؛ ئەسلى ئەرلەر ئىمامنىڭ كەينىدىلا تۇرىدۇ، ئاياللار مەسجىدنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدۇ، ئەمدىكى مەسىلە ؛ ئەر كىشى ئەرلەر سېپىغا بىرىشقا بوش يەر تاپالماي، ئاياللار سېپىنىڭ ئاخىردا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر بولسا ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس. [پەتىۋا كومىتېتى]

77 ـ ئەر ئۆز ئايالى بىلەن ناماز ئوقۇغاندا ئايال ئەرنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ، چۈنكى ئاياللار ئەرلەر بىلەن ناماز ئوقۇغاندا مەيلى ئۇلار ئاياللارنىڭ مەھرەملىرى بولسۇن ياكى يات كىشىلەر بولسۇن ئاياللار ئەرلەرنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

78 ـ ئاياللارنىڭ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشى جايىز؛ لېكىن ئۇلارغا سۈننەتمۇ ياكى مۇباھمۇ دېگەن مەسىلگە كەلسەك، مۇباھلىقا يېقىنراق، چۈنكى ئۇ ئېنىق سۈننەت ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

79 ـ ئاياللارنىڭ بالاغەتكەيەتمىگەن ئوغۇللارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى دۇرۇس ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

**80** ـ ئايالالارنىڭ مەسجىد ئىچىدە ئەرلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن چىدىر تىكلەپ بەر دۇرۇس. ھەمدە ئۇنى مەسجىد دەپ ئاتاشقىمۇ ياكى ناماز گاھ دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**81** ـ ئايالالارنىڭ مەسجىدكە چىقىشىنىڭ شەرتلىرى. **1** ـ كىيىم بىلەن كامىل ئورالغان ۋە ھىجاپلانغان بولۇش. **2** ـ خۇشپۇراقسىز بولۇش. **3** ـ كىيىم كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەل مىگەن بولۇش. **4** ـ ئۆزىنىڭ ئەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى زايا قىلمىغان بولۇش. **5** ـ پىتنىدىن يىراق بولۇش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**82** ـ ئايالالارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇسا جامائەت نامىزىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەمدۇ؟

ـ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش ئەرلەرگىلا خاس. ئۇلار جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشقا ۋاجىپ يولى ئارقىلىق چاقىرىلغان، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسى بار: «ئەرنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىغا قارىغاندا 25 ھەسسە ئارتۇق.» ئايالالار بۇنداق ئەجرىگە نائىل بولالمايدۇ. بىراق مەسجىدكە مېڭىپ بارغانىنىڭ ئەجرىگە ۋە ئۇلار مەسجىددە بولغاندا ئېرىشىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**83** ـ كىيىمدە نجاسەت بارلىقنى ئۇنتۇپ نامازغا كىرسە ـ يۇ، نامازدا تۇرۇپ كىيىمدە نجاسەت بارلىقى ئىسىگە كەلسە قانداق قىلىدۇ؟

ـ ئەگەر نجاسەتنى نامازئىچىدە تۇرۇپ يوقىلىش ئىمكانىيىتى بولسا تېزلا يوقىلىش كېرەك. بىرقېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن كەشىنى نامازدا تۇرۇپ



http://nurislam.cn

سىلىقۋەتكەن. ئەگەر نىجاسەتنى نامازنىچىدە تۇرۇپ يوقىلىش مۇمكىن بولمىسا نامازنى توختىتىپ نىجاسەت يوقۇپ قالغان كىيىمنى سىلىقۋەتكەندىن كېيىن قايتا ئوقۇش لازىم. [شەيخ ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرراھمان جىبرىن]

**84** ـ ئىستىخار نامىزى ۋە سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىنىڭ دۇئا لىرى سالامدىن كېيىن ئوقۇلامدۇ ياكى ئاخىرقى سەجدىدە ئوقۇلامدۇ؟

ـ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن قول كۆتۈرۈپ ئىستىخار دۇئاسى ئوقۇيدۇ. سۇتەلەپ قىلىش نامىزى ئوخشاشلا ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ، سالامدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر خۇتبە ئوقۇيدۇ، ئاخىردا ھەركىم ئۆزى ئوقىيالايدىغان دۇئالارنى ئوقىسا بولىدۇ. [شەيخ ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرراھمان جىبرىن]

## ئايالالار ۋە جىنازا توغرىسىدا

**16**جاۋاب بار:

**1** ـ ئايالالارنىڭ جىنازا نامىزىغا ئەرلەر بىلەن ئورتاق قاتنىشىشى جايىز. چۈنكى ئىبادەت ئەسلى ئەر ـ ئايالغا ئورتاقدۇر. [پەتىۋا كومىتېتى]

**2** ـ ئىمام مەرھۇمنىڭ باش تەرىپىدە مەرھۇمەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۇرۇپ نامازنى چۈشۈرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**3** ـ ئايالالارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى؛ بۇ ھەقتە ئۇممۇ ئەتىيە مۇنداق دېگەن: «بىز جىنازىغا ئەگىشىشتىن توسۇلدۇق، بىراق قەتئىي ئەمەس ». [بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس]



http://nurislam.cn

4 ـ مېيىتكە هازا ئېچىپ (ئۈنلۈك) يىغلاش هارام، چۈنكى بۇ اللە نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولمىغانلىق ۋە سەۋرسىزلىك قىلغانلىق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

5 ـ مېيىتكە، اللە نىڭ قازاسىغا غەزەپلەنمەستىن، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماستىن ئۈنسىز ياش تۆكۈپ يىغلاش جايىز. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

6 ـ ئەر ئۆز ئايالىنى، ئايال ئۆز ئېرىنى غەسسال قىلىش( يۇيۇشى) جايىز؛ چۈنكى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ـ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـ ئۆز ئايالى پاتىمە (رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى) رەزىيەللاھۇ ئەنھانى. ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى غەسسال قىلغان. [پەتىۋا كومىتېتى]

7 ـ ھەيزدار ئايال، ۋاپات بولغان ئايالنى يۇيۇپ تاراپ كېپەنلىسە بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

8 ـ ئايال مېيىتنى مەھرەملىرى بولغان تەقدىردىمۇ يات ئەركىشى قەبرىگە ئېلىپ كىرسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

9 ـ «قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا اللە لەنەت قىلسۇن» دېگەن ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايالالرنىڭ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىش جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

10 ـ ئايال كىشى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە بولماستىن قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەرھۇملارغا شەرئىتكە مۇۋاپىق سالام قىلسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

11 ـ ئايالالرنى قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلەشنىڭ ھېكمىتى. 1 ـ ئايالالر ئەقلى جەھەتتە ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن تېز ھاياجانلىنىدۇ ۋە ئاسانلا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. 2 ـ ئايالالر



http://nurislam.cn

قەبرىستانلىقنى تەكرار زىيارەت قىلغۇچىلارغا لەنەت قىلدى. قەبرىستانلىق ئايالنىڭ يولىغا تولۇپ كېتىپ پاسىق ـ فاجىر كىشىلەرنىڭ كۆز سالىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

12 ـ ئايالنىڭ جەسەتنى ئاق رەختتىن قىلىنغان بەش قات كېپەنلىك بىلەن كېپەنلەش، ئىشتان كەيگۈزۈش، بېشىغا رومال سېلىش، كۆينەك كېيگۈزۈش ۋە شۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىرقات رەخت بىلەن ئوراش مۇستەھەپ.

13 ـ مەرھۇمەنىڭ چېچىنى قانداق قىلىدۇ؟

ـ ئۈچ ئۆرۈم قىلىپ كەينىگە تاشلاپ قويىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

14 ـ مۇسۇلمان مۇتەۋەپپا (مېيىت) ھەققىدە اللە رەھمەت قىلسۇن ياكى اللە ئەپۇ قىلسۇن دېيىش جايىز، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

15 ـ مۇسىبەت كەلگەندە يۈز ـ كۆزلىرىگە ئۇرۇش، ياقا ـ يانچۇقلىرىنى يىرتىش جايىز ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يۈز ـ كۆزىگە ئۇرغۇچى ياكى ياقالىرىنى يىرتقۇچى ۋە ياكى جاھىلىيەتنىڭ دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلغۇچىلار بىز (مۇسۇلمانلار) دىن ئەمەس». [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

16 ـ مۇسىبەت كەلگەندە سەۋرى قىلىش ۋە شۇ سەۋرىگە ساۋاب ئۈمىد قىلىش، شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، بۇرۇن قىلىپ سالغانلىرىغا تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتىش ۋاجىپ.



http://nurislam.cn

## ئۈن بىرىنچى ئاياللار ۋە روزا توغرىسىدا

**64** جاۋاب بار:

**1.** قىزلار بالاغەتكە يەتسە روزا تۇتۇش ۋاجىپ. بالاغەتكە يېتىش تۆۋەندىكى تۆت ئىشنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ؛ **1** ـ **15** ياشقا تولۇق توشۇشى، **2** ـ جىنسىي ئەزا ئەتراپىغا تۈك ئۈنۈش، **3** ـ ھەممىگە تونۇش بولغان مەنىي كېلىش. **4** ـ ھەيز كېلىش، بۇ ئىشلاردىن بىرەرسى كۆرۈنسە، گەرچە قىزئەمدىلا **10** ياشقاكىرگەن بولسىمۇ روزا تۇتۇش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**2.** بىرەرئايال قۇياش چىقىپ بولغاندىن كېيىن ھەيزدىن پاك بولسا؛يەپ ـ ئىچىشتىن توختىشى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىككى تۈرلۈك قاراشلار بار. توغرىسى، ئۇنىڭ شۇ كۈنى يەپ ـ ئىچىشتىن توختىتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك روزىسى، ھەيزنىڭ قىنى كەلگەن سائەتتىلاسۇنغان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**3.** بىرەرئايالنىڭ ئادىتى، شام دىن ئازراق بۇرۇن كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ روزىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر شامدىن كېيىن كەلسە روزىسى دۇرۇس. قازاسىنى قىلىش كەتمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**4.** پاك ئايال روزا تۇتۇۋېتىپ ھەيزنىڭ ئالامەتلىرىنى ھېس قىلسا ـ يۇ قان، كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن كەلسە ئۇنىڭ روزىسى دۇرۇس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**5.** ھامىلدارئايالدىن قان كەلسە؛ كەلگەن قان بىر تامچە بولسۇن ياكى ئىككى تامچە بولسۇن، ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولسۇن بۇ قان ھەيزنىڭ قىنى ئەمەس، روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشى كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

http://nurislam.cn

6. ھەيزدارۋە نەفاسدار ئاياللار، رامىزاننىڭ كۈنلىرىدە يوشۇرۇن يەپ ـ ئىچكىنى ئەۋزەل. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

7. ھەيزدار ۋە نەفاسدار ئايالنىڭ، تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى پاك بولۇپ تېخى غۇسلى قىلمايلا تۇتقان روزىسى دۇرۇس، چۈنكى ئۇ ئايال خۇددى جىنابەتتىكى ئەرنىڭ روزىسىنى تۇتۇۋېرىپ تاڭ يورۇغاندىن كېيىن غۇسلە قىلغىنىغا ئوخشايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

8. ئايال ھەيزدار ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزسا، گەرچە تاڭ ئېتىپ ئازراقتىن كېيىن پاك بولسىمۇ ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك روزىسى دۇرۇس ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

9. ھامىلدار ئايال ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال مەيلى ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ يەپ ـ ئىچسۇن، مەيلى بوۋىقىدىن ئەندىشە قىلىپ يەپ ـ ئىچسۇن، پەقەتلا شۇ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

10. ئەر ئۆزىمۇ روزىدار تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ روزىدار ئايالىنى جىنسىي ئالاقىگە مەجبۇرلىسا ئايالىنىڭ روزىسى دۇرۇس، ئۇنىڭغا قازاسىنى قىلىش كەتمەيدۇ، بىراق ئەرگە جىما قىلغانلىقىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر قۇل ئازاد قىلىش، ئەگەر ئۇنى قىلالمىسا ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇش، ئەگەر ئۇنىداقمۇ قىلالمىسا 60 مىسكىنگە تاماق بېرىش ۋە شۇ كۈنلۈك روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

11. ئەگەر ئايالمۇ ئېرىگە تەڭ ماسلىشىپ بەرسە ئۇمۇ ئېرىگە ئوخشاش كەففارەت بېرىش ۋە شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

12. ئەر ئۇدا ئۈچ كۈن جىنسىي ئالاقە قىلسا جىنسىي ئالاقە قىلغان كۈندىن كېيىن ھەر بىر كۈنگە ئايرىپ ئايرىم كەففارەت بېرىش



http://nurislam.cn

لازىم. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

13. جىنسىي ئالاقە قىلىپ مەنىي كەلمىسچۇ؟

- مەيلى مەنىي كەلسۇن، مەيلى كەلمىسۇن، روزىدار ھالەتتە جىنسىي ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن روزىنى بۇزغان بولىدۇ. كەففارەت بېرىش لازىم [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

14. جىنسىي ئالاقە سىز مەنىي كەلسە ئۇنىڭغا كەففارەت يوق، پەقەت گۇناھ بولىدۇ، كۈنلىرىنىڭ قالغانلىرىنى يەنىلا روزىدار ھالەتتە ئۆتكۈزۈش ۋە قازاسىنى قىلىش لازىم. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

15. روزىدار ئايالنى ئېرى سۆيسە ۋە قۇچاقلىسادۇرۇس، لېكىن ھەر ئىككىلىسى روزىسىنى سۇندۇردىغان ئىشلاردىن ئەمىن بولالىشى كېرەك. مەزى روزىنى بۇزمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

16. روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە يېگۈچى تەجرىبىلەرنى ئىشلەش؛ ئايال يۈزىگە گۈزەللەشتۈردىغان ياكى گۈزەللەشتۈرمەيدىغان مايلاردىن سۈرۈپ سىناق قىلسا ھېچ ۋەقەسى يوق، تۈرلۈك مايلارنى ھەرقانداق بىر ئەزاسىغا سۈرۈش روزىدار ئايالنىڭ روزىسىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

17. روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە خىنە يېقىش: روزىنى سۇندۇرمايدۇ، مەيلى ئۇنى قولىغا ياقسۇن، مەيلى پۇتىغا ياقسۇن روزىسىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

18. سۈيۈق مايلارنى سۈرۈش روزىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى ئۇ تېرىنىڭ يۈزىنىلا ھۆل قىلالايدۇكى، تېرە ئىچىگە كىرەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇۋۇلاش ئارقىلىق كىرىپ كەتكەندىمۇ روزا سۇنمايدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

19. زىممىسىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك روزىسى بار ھالەتتە ئۆلۈپ



http://nurislam.cn

كېتىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟

- كېسەل سەۋەبىدىن روزا تۇتالماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدىن ئايرىلالمايدۇ. 1- خىل ھالىتى: كېسەل چىرمىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر روزا تۇتۇشقا قۇربى يەتمىسە قازاسى قىلىنمايدۇ، تاماقمۇ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزرىلىك.

20. 2-خىل ھالىتى: شۇ كېسەلدىن شىپالىق تېپىپتۇ - يۇ، تېخى زىممىسىدە قالغان روزىسىنى تۇتقۇچە يەنە بىر رامىزان كېلىپ قاپتۇ. مۇنداق ئەھۋالدا تۇتالمىغان روزىسىغا ئاتاپ ھەر كۈنلىكى بىر مىسكىنگە تاماق بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ ئېغىزى ئوچۇق يۈرگەن. [پەتىۋا كومىتېتى]

21. نەزىر روزىسى: يەنى بىر كىشى بىركۈنلۈك روزا تۇتۇشنى نەزىر قىلسا شۇ روزىنى ئۆلۈپ كەتكىچە بىر قېتىم تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

22. تۇتۇشقا تېگىشلىك روزىنىڭ قازاسىنى يېڭى رامىزان كىرگۈچە تۇتمىسا قانداق قىلىدۇ؟

- ئەگەر ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈپ رامىزان كېلىپ قالغان بولسا قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە ھەر كۈنگە بىر مىسكىنگە تاماق بېرىشى ۋاجىپ، ئەگەر ئۇ ئۆزرىلىك ھالەتتە كېچىكتۈرۈلگەن بولسا قازاسىنىلا قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

23. ئېرى بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان ئايال ئېرىنىڭ ئىجازىتىسىز نەپلە روزا تۇتسابولمايدۇ.بىراق ئېرى قېشىدا بولمىسا ياكى تېخى ياتلىق بولمىغان بولسا ۋە ياكى ئېرى رۇخسەت قىلغان بولسا نەپلە روزا تۇتۇشى ياخشى. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

24. رامىزاندا لەۋ سۇرۇخ سۈرسە بولامدۇ؟



http://nurislam.cn

ـ تـەمى قورساقـقا كـىـرىـپ كېـتـىدۇ دېگـەنلىك ئۈچـۈن ئىشلەتسـە بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

25. ئايال ئىستىنجا قىلىش ئۈچۈن ياكى ئايالالر كىيسەللىكىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن بارمىقىنى جىنسىي يولغا كىرگۈزسە روزىسى سۇنمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

26. روزىدار ئايال تاماقنىڭ تۇزىنى تېتىپ تۇكۈرۈۋەتسە جايىز.

[شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

27. قېنى توختىمايدىغان ئايال رامىزاندا قانداق قىلىدۇ؟

ـ شۇ قان كېلىشنىڭ ئالدىدىكى ئادەت مۇددىتى ئىچىدە ناماز ۋە روزىسىدىن توختايدۇ، ئەگەر ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئالتە كۈن ھەيز كۆرۈپ ئادەتلەنگەن بولسا، ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئالتە كۈن ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ، شۇ ئالتە كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ ناماز ئۆتەيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

28. ئۇنداق ئايالنىڭ پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئالدىغا سۈرۈپ ياكى كەينىگە تارتىپ جەملەپ ئوقۇسا، شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ھەم شۇنداق جەملەپ ئوقۇسا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىستىھازەلىك ئايالنىڭ ھۆكمىدە.

29. قېنى توختىمايدىغان ئايال تاھارەت ئالماقچى بولغاندا ئىستىنجاقىلىدۇ ئاندىن قان چىقىشىنى توسۇش ئۈچۈن لاتىدەك بىر نەرسە تىقىپ قويۇپ تاھارەت ئالىدۇ ۋە ناماز ئوقۇيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

30. بىرەر كىشى: مەن بىر يىل روزا تۇتۇشنى نەزىر قىلدىم دىسە، ئاندىن بىر يىل روزا تۇتۇشقاقۇربى يەتمىسە: ئۇنداق كىشى قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىدۇ. يەنى ئون مىسكىنگە تاماق بېرىدۇ.



http://nurislam.cn

ھەر بىر مىسكىنگە خورمىدىن بەرسە بىر كىلوگرام. باشقا نەرسىلەردىن بەرسە شۇ شەھەر خەلقىنىڭ ئوتتۇرچە ئىستېمال سەۋىيىسىگە قاراپ بىر كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك تاماق پۇلىنى بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قۇربى يەتمىسە توختاتماي ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

31. قۇۋۋەت ئوكۇلى ئۇرغۇزۇش: قۇۋۋەت ئوكۇلىنى قەستەن ئۇرغۇزسا روزىسى سۇنىدۇ. بىراق ئوزۇقلۇق بولمايدىغان ئادەتتىكى ئوكۇللارنى ئۇرغۇزسا روزا سۇنمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

32. رامىزاننىڭ كۈندۈزلىرى سۈرمە دېگەندەك گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلەتسە روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

33. روزىدار ئادەم چىش چوتكىلىسا: بىرەر نەرسىنى يۇتىۋەتمىسىلا كىرەك يوق.

34. خۇددى روزىدار ئادەمنىڭ مىسۋاك قىلىش دۇرۇس بولغاندەك، ئەگەر تۇيۇقسىزلا بىر نەرسە ئۆتۈپ كەتسە ئۇنىڭغا قازا كەتمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

35. روزىدار ئادەم چىشىنى تازىلىسا ياكى چىش ئارىلىقلىرىنى كولىسا دورا ياكى قان دېگەندەك نەرسىلەرنى يۇتىۋالمىسىلا كىرەك يوق، ئەڭ ياخشىسى روزىدار ئادەم ئۇنداق قىلمىغان تۈزۈك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

36. قۇلاق ۋە كۆزگە دورا تېمىتىش: گەرچە بوغۇزدا دورا تەمى سېزىلگەندىمۇ روزىنى سۇندۇرمايدۇ. لېكىن شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ئەڭ ئېھتىياتلىق ئىش بىراق ۋاجىپ ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

37. بۇرۇنغا دورا پۈركەش: بەك زۆرۈر بولسا كىرەك يوق. ئەمما ئىمكان قەدەر ئىپتار قىلغۇچە توختاش ئەڭ ئېھتىياتلىقدۇر.

http://nurislam.cn

38. خۇش پۇراق ئىشلىتىش: پۇرىقى بەك تاراپ كەتمىسە جايىز.

39. روزىدا ئادەمنىڭ بۇرنى قانىسا، ياكى ئىستىھازەنىڭ قېنى ئاقسا ۋە ياكى بىرەر زۇرۇرىيەت سەۋەبىلىك قان ئالسا، شۇنىڭدەك يارا ئېغىزىدىن قان كەلسە روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

40. قان تەقدىم قىلىشقا كەلسەك مۇمكىن قەدەر ئىپتاردىن كېيىن قان ئېلىش كېرەك، چۈنكى كۆپىنچە ھالالاردا قان تەقدىم قىلىش، ھىجامەتكە ئوخشاپ قالىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

41. بۇرۇنغا دورا تېمىتىش: توغرا ئەمەس، چۈنكى بۇرۇن ھاۋانى ئۆتكۈزگۈچى ئەزا بولۇپ دورا تامچىسىنى قورساق قىسمىغا ئۆتكۈزۋېتىدۇ. رامىزاندا بۇرنىغا دورا تېمىتقان ئادەم روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

42. رامىزاندا تارقىتىلىدىغان توختىتىش سىگنالىرى: نىڭ شەرىئەتتە بىرەر ئاساسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق قۇرئان كەرىم، ھەدىس نىڭ كۆرسەتمىسى: توختاشنىڭ تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

43. ئايال ئۆزىنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالماي روزا تۇتسا ئۇنىڭ روزىسى دۇرۇس ئەمەس، شۇ كۈنلۈك روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم، چۈنكى ئۇ روزىنى ئۆزىنىڭ پاك بولغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالماي تۇتقان، ئىبادەتكە شەك بىلەن كىرىش شۇ ئىبادەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

44. ئىچكى ئەزادا بىرەر كېسەللىك بولسا مەقئەتكە ياكى ئالدى جىنسىي يولغا كاپسۇللۇق دورا سېلىش روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەپ ئىچكەنلىك ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

45. روزىدار ئايالنىڭ لەۋ نەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن مەلھەم



http://nurislam.cn

سۈرىشى دۇرۇس، لېكىن قورساق قىسمىغا بىرەر نەرسىنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. ئەگەر مەقسەتسىز بىرەر نەرسە ئۆتۈپ كەتسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**46.** رامىزاندا مىسۋاك قىلىش: روزىدار ئادەمنىڭ مىسۋاك قىلىش جايىز. چۈنكى مىسۋاك قىلىش سۈننەت، ئەگەر مىسۋاكنىڭ تەمى بولسا ياكى مىسۋاك قىلىش جەريانىدا چىش مىلىكلىرى قانىسا قەتئىي يۇتماسلىق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**47.** ئىغىز چايقاش جەريانىدا يۇتۇپ سالدىم: روزا دۇرۇس، قەستەن يۇتمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن قازاسىنى قىلىش كەتمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

**48.** شۆلگەي يۇتۇپ سالغان روزىدارنىڭ ھۆكمى نېمە؟

- شۆلگەي روزىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى ئۇ تۈكۈرۈك قاتارىدىن، ئەگەر يۇتۇۋەتسە كېرەك يوق، تۈكۈرۈۋەتسىمۇ كېرەك يوق .

**49.** بەلغەمگە كەلسەك: بەلغەم بەزى ئادەمنىڭ كۆكسىدىن كەلسە، بەزىدە باشتىن كېلىدۇ. روزىدار ئەر - ئاياللار ئۇنى تۈكۈرۈۋېتىشى، ئەسلا يۇتۇۋەتمەسلىكى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

**50.** بامداتقا ئەزان ئوقۇۋاتقاندا بىرەر نەرسە ئىچىش: مۇسۇلمان ئادەم روزىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ئەگەر شۇ ئەزاننىڭ بامداتتىن (يەنى تاڭ يورۇشتىن) بۇرۇن ئوقۇلغانلىقىنى بىلسە ئۇنداقتا كېرەك يوق. [پەتۋا كومىتېتى]

**51.** بىرەر كىشى ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى بىلەن قازا روزىسىنى بىرگە نىيەت قىلسا دۇرۇس بولامدۇ؟

- زىممىسىدە قازا روزىسى بار ئادەم شۇ روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا ئالدىرىشى ۋاجىپ، چۈنكى ئەجەلنىڭ قاچان توشىدىغانلىقىنى ھېچكىم



http://nurislam.cn

بىلمەيدۇ. بىراق قازا روزىسى تۇتىدىغان كۈنى ئاشۇرا كۈنىگە ياكى ئەراپات كۈنىگە سۇرۇلسە ۋە شۇ كۈندە قازا روزىسىنىڭ نىيىتى بىلەن روزا تۇتسا ئىككى ئەجرگە ئېرىشىدۇ، يەنى ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدىكى قازا روزىسى ساقىت بولىدۇ ۋە ئاشۇرا ياكى ئەراپات كۈنى روزا تۇتقاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**52**. روزىدار ئادەم نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن دورا پۈركىسە: جايىز، يەنى دەم سىقىلىش كېسىلى بار كىشى، نەپەس ئېلىشنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن دورا پۈركىسە، پۈركىگەن دورا ئاشقازانغا يېتىپ بارمايدۇ. پەقەتلا نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە يەپ - ئىچكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**53**. روزىدار ئايال: بۇ ھەيز، كۈن كىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن كەلگەنمۇ ياكى كېيىنمۇ دەپ شەكلەنسە: ئېھتىيات يۈزىسىدىن شۇ كۈنلۈك روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**54**. نەپلە روزا: شەۋۋالدا تۇتىدىغان ئالتە كۈنلۈك روزىنى ئارقىمۇ - ئارقا تۇتۇش شەرت ئەمەس.

**55**. شەۋۋالدا تۇتىدىغان ئالتە كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسى كېلەمدۇ؟

- شەۋۋال ئېيى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قازاسىنى تۇتۇش كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ سۈننەتتۇر، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە قازاسى قىلىنمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**56**. ھامىلدار ئايالنىڭ قىنى روزىنى بۇزامدۇ؟

- ئۇنىڭ قىنى ئىستىھازەلىك ئايالنىڭ قىنىغا ئوخشاش بولۇپ روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**57**. ھامىلدار ئايالدىن كەلگەن سۇ روزىغا زەرەر يەتكۈزەمدۇ؟



http://nurislam.cn

ـ ياق. ئۇنىڭ روزىسىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، قازاسىنى قىلىش كەتمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**58**. ياشتا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتالمىسا قانداق قىلىدۇ؟

ـ بەك ياشىنىپ قالغان موماييلار ۋە بوۋايلار، ياخشىلىنىش ئۈمىدى يوق بىمارلار روزا تۇتماي ھەر كۈنىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تاماق بېرىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**59**. روزىدار ئادەم ئۇخلاپ ئېھتىلام بولۇپ قالسا: روزىسى سۇنمايدۇ .

**60**. ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ ئىچىپ سالسا: روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى قەستەن قىلمىغان، پەقەت ئۇنى الله غىزالاندۇرغان ۋە سۇغارغان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**61**. روزا تۇتىۋاتقان ۋاقتتا شۆلگىينى يۇتسا روزا سۇنامدۇ؟

ـ ئېغىزدىن چىقىشتىن ئىلگىرى يۇتسا روزا سۇنمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**62** ـ زەھەيزدار ئايالنىڭ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلماي، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشتىكى ھېكمەت: ناماز ھەر كۈنى بەش قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەيزدار ئايالغا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ئېغىركىلىدۇ، بىراق روزا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ پەقەت يىلدا بىر قېتىم ۋاجىپ بولىدىغان ئەمەل.

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا:« بىز روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمىدۇق» دېگەن. (بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن) [پەتىۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn

**62**. شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسىنى، قازاسىنى قىلىشقا تېگىشلىك روزىسىنىڭ ئالدىدا تۇتسا بولامدۇ؟

ـ قازا روزىنى شەۋۋالنىڭ روزىسىدىن ۋە باشقا نەپلە روزىلاردىن بۇرۇن تۇتۇش لازىم. چۈنكى قازا روزا پەرز روزىدۇر. شەۋۋال ئىچىدە تۇتىدىغان ئالتە كۈنلۈك روزا نەپلە روزىدۇر، پەرزگە كۆڭۈل بۆلۈش نەپلىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئەلا. [شەيخ ئىبنى باز]

**63**. ئايالالرنىڭ رامىزان ئىچىدا تائەت ـ ئىبادەتلەرنى قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئامىللار:

**1** ـ الله تائالادىن قورقۇش ۋە الله تائالا بارلىق ئىش ھەركىتىمنى بىلىپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش.

**2** ـ الله نى كۆپ زىكرى قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، پەرز نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋە نەپلە ـ ناۋاپىللارنى كۆپرەك ئوقۇش.

**3** ـ ئايالالر ئىمكان قەدەر سىرتلارغا چىقماسلىق، چىققاندىمۇ ئىش ـ كۈشلىرىنى تۈگەتكەن ھامان ئائىلىسىگە قايتىش، ئويدان ئورۇنۇش ۋە ئەرلەرگە ئارىلاشماسلىق.

**4** ـ دىلىنى قاتۇرىدىغان، ئادەمنى اللە دىن يىراقلاشتۇرىدىغان بارچە ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش.

**5** ـ تىلىنى غەيۋەتتىن، چېقىمچىلىقتىن، ئادەم تىللاشتىن ۋە ھارام گەپ ـ سۆزلەردىن يىغىش. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**64** ـ مەن **13**ياش ۋاقتىمدا روزا تۇتقان ئىدىم، ھەيز سەۋەبلىك **4**كۈن روزا تۇتمىدىم ۋە خىجىل بولۇپ ھېچكىمگە تىنمىدىم،ھازىر بۇئىشنىڭ ئۆتۈپكەتكىنىگە سەككىز يىل بولدى، قانداق قىلىمەن؟

http://nurislam.cn

ـ شۇنچە ئۈزۈن ۋاقىتقىچە قازاسىنى قىلماي خاتا قىلىپسىز. ھەيز بوسا الله تائالانىڭ ئادەم ئاتا قىزلىرىغا تەقدىر قىلغان ئىشى، شۇڭا ئۇنىڭغا خىجىل بولۇش كەتمەيدۇ. ئەمدىكى مەسىلە سىز شۇچاغدا تۇتالمىغان 4كۈنلۈك روزىڭىزنى ھەركۈنى بىر مىسكىنگە تاماق بېرىش بىلەن بىرگە تۇتىسىڭىز بولمايدۇ. [شەيخ ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرراھمان جۇبەيرىن]

## ئون ئىككىنچى ئاياللار ۋە زاكات توغرىسىدا

26 جاۋاب بار:

1. زىبۇ ـ زىننەتنىڭ ئۆتكەن يىللىق زاكىتى: ئايال ئۇنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىلگەندىلا ئاندىن ئادا قىلىشى ۋاجىب، ئەمما ئۇنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىلشىنىڭ ئالدىدىكىسىگە زاكات يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

2. ئالماس ياكى باشقا تۈردىكى تاشلارنى تاقاش ئۈچۈن ئىلىپ قويۇلغان بولسا ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. بىراق تىجارەت ئۈچۈن ساقلانغان بولسا قىممىتى ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە سۇندۇرۇپ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە زاكات بېرىشى كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

3. زىبۇ ـ زىننەتنىڭ زاكىتى: ئەڭ ئېھتىياتلىق ئىش زاكات بېرىش، چۈنكى بۇ ئىختىلاپلىق مەسىلە. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

4. ئالتۇننىڭ غەيرىدىن ياسالغان زىبۇ ـ زىننەتلەرنىڭ زاكىتى قانداق ئايرىلىدۇ؟

ـ كەسىپ ئەھلىگە كۆرسىتىپ شۇ بويىچە ئىشكورۇلسە كۇپايە. [شەيخ ئىبنى باز]



http://nurislam.cn

5. تىجارەت ئۈچۈن ساقلانغان ئالماس، ئۈنچە ـ مەرۋايىت دېگەندەك زىننەت بۇيۇملىرى باشقا تىجارەت ماللىرىغا ئوخشاش قىممىتىگە قاراپ زاكىتىنى ئايرىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

6. زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتى سېتىۋالغان چاغدىكى قىممەت بويىچە ئەمەس، ئېغىرلىق قىممىتى بويىچە يىل ئايرىلساڭ ئايرىلىدۇ. [پەتۋا كومىتېتى]

7. ئايالنىڭ ئۆز ئېرىگە زاكات بېرىشى: ئەگەر ئېرى كەمبەغەل بولۇپ قالسا زىبۇ ـ زىننەتلىرىنىڭ ۋە باشقا بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى بەرسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

8. ئايال ئۆز مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېرىگە ياكى ئېرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن دادىسىغا ياكى بىر تۇغقانلىرىغا ۋە ياكى باشقىلارغا بەرسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

9. ئايال ئۆز مېلىنىڭ زاكىتىنى ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا (قول ئىلكىدە يوق بولۇپ قالسا) توي ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بەرسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

10. زاكاتنى ئاتا ـ ئانىلارغا بېرىش: جايىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئۆز مۈلكىدىن چىقىم قىلىپ بېرىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

11. زاكاتنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بېرىش: جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە نەپىقە بېرىشكە مەجبۇر. [شەيخ ئىبنى باز]

12. ئايال ئۆز مېلىنىڭ زاكىتىنى، توي قىلىپ بولغان سىڭلىسىغا (ئۇنىڭ ئېرى نامرات بولسا) بەرسە جايىز. [پەتۋا كومىتېتى]

13. ئايال ئۆز مۈلكىدىن، ئېرىگە ئۇقتۇرماي ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىغا ئاتاپ سەدىقە بەرسە جايىز، چۈنكى ئۇ ئۆز مۈلكىنى يوللۇق ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق. [پەتۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

**14.** ئايال ئۆز ئېرىنىڭ مۈلكىدىن ئېرىنىڭ چەكلىمەيدىغانلىقىنى بىلسە سەدىقە بەرسە جايىز. بىراق ئېرى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىسا جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**15.** نامراتنىڭ زېممىسىدىكى قەرزگە زاكات يوق. چۈنكى نامراتقا مۆھلەت بېرىش ۋاجىپ، ئۇنى قەرز تاپشۇرۇشقا قىستاش ۋە سولاپ قويۇش جايىز ئەمەس. بىراق شۇ قەرزنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان يىلى زاكات بېرىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**16.** خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن زاكات بېرىش: ئەسلى، خىزمەتچى ئۆزى بېرىشكە تېگىشلىك زاكاتنى ئۆز قولى بىلەن بېرىدۇ، بىراق خوجايىنلىرى ۋاكالىتەن بەرسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**17.** زاكاتنى دىنسىز خىزمەتچىگە بەرسە بولامدۇ؟

ـ گەرچە ئۇ نامرات بولغاندىمۇ بېرىشكە بولمايدۇ. [ئىمام ئىبنى قۇدامە]

**18.** بىرەر ئادەمنىڭ يېرىمىنى ئىشلىتىپ، يېرىمىنى ساقلاپ قويغان ئايلىق مائاشىغا قانداق زاكات بېرىدۇ؟

ـ ئايلىق مائاشىدىن كىرىم قىلغانلىرىنى يىغىپ ساقلاپ قويۇشى ئاندىن كېيىن يىل ئۆرۈلسە ھەر بىر بۆلۈكىگە زاكات بېرىشى لازىم. ئەگەر يىل ئۆرۈلسە ئاۋۋالقى مالنىڭ ئومۇمىيسىدىن چىقارسا كۇپايە. [پەتىۋا كومىتېتى]

**19** ـ ھازىر ئوبورت قىلىنىۋاتقان سەئۇدى ريالى قانچىگە يەتسە زاكات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ؟

ـ كۈمۈشنىڭ نىسابى **140** مىسقال، **56** سەئۇدى ريالىغا ياكى شۇنچىلىك مىقداردىكى قەغەز پۇلغا تەڭ. يۈزدە ئىككى يېرىم، مىڭدە

http://nurislam.cn

يىگىرمە بەش پىرسەنت ئايرىش ۋاجىپ.

20 ـ يىغىپ ساقلاش ھەۋەسكارلىرىنىڭ پەقەت ھەۋەس ئۈچۈنلا يىغىپ ساقلىغان پۇلىسىغا: زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسىلا زاكات بېرىش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

21 ـ ئالتۇننىڭ مىقدارى قانچىگە يەسە زاكات بېرىش ۋاجىپ؟

ـ 20 مىسقال، تەخمىنەن 85 گىرامغا تەڭ. [شەيخ ئىبنى باز]

22 ـ تىجارەت ئاشلىقى يوتكەيدىغان ماشىنىغا زاكات كىلەمدۇ؟

ـ ئاشلىق ۋە باشقىلارنى يۆتكەش ئۈچۈن ياكى ئىجارىگە بىرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ماشىنىلار، قورال ـ جابدۇقلارغا زاكات ۋاجىپ ئەمەس. بىراق سېتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان بولسا زاكات بېرىش ۋاجىپ. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سېتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان نەرسىنىڭ سەدىقىسىنى (زاكىتىنى) بىرىشكە بۇيرىدى». [شەيخ ئىبنى باز]

23 ـ مەن ئۆي سېلىش ئۈچۈن بىر پارچە يەر سېتىۋالغان ئىدىم،بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كىيىن سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ سېتىۋەتتىم، قولۇمدا تۇرغان مەزگىلدە زاكات ۋاجىپ بولارمىدى؟

ـ ئەگەر ئەھۋال سىز دېگەندەك بولسا سېتىشتىن ئىلگىركىسى ئۈچۈن زاكات ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى سىز ئۇيەرنى سېتىش مەقسىتىدە ئالمىغان. [شەيخ ئىبنى باز]

24 ـ سەي ـ كۆكتاتقا زاكات كىلەمدۇ؟

ـ ياق، سەي ـ كۆكتاتقا زاكات كەلمەيدۇ، بىراق سەي ـ كۆكتات



http://nurislam.cn

سېتىپ يىغىلغان پۇل زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، يىل ئۆرۈلسە زاكات بېرىش ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى باز]

**25** ـ فىتىر زاكىتىنىڭ قىممىتىنى بەرسە بولامدۇ؟

ـ جۇمھۇر ئەھلى ئىلىملەرنىڭ قارشىدا بولمايدۇ، ھەدىستە كۆرسىتىلگەن بويىنچە خورمىدىن بىرسا ياكى ئارپىدىن بىرسا ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن بىرسا دېگەندەك يېمەكلىك تۈرىدىكى نەرسىلەردىن بېرىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

**26** ـ زاكاتنى مۇمكىن قەدەر زاكات بەرگۈچى تۇرىۋاتقان يۇرتتىن باشقا يۇرتقا يۆتكىمىگەن ياخشى. زورۇر تېپىلسا يوتكىسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

## ئاياللار ۋە ھەج توغرىسىدا

**36** ـ جاۋاب بار:

**1**. مەھرىمى يوق ئايالغا ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئايال ھەج قىلىشقا قادىر ئەمەس. الله تائالا ھەجنى پەقەت ھەج قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلارغا پەرز قىلدى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**2**. مەھرەمسىز ھەج قىلغان ئايالنىڭ ھەججى گۇناھ بىلەن دۇرۇس، چۈنكى ئۇ مەھرەمسىز سەپەرگە چىققان. [پەتىۋا كومىتېتى]

**3**. ئايال كىشى ئېرىنىڭ خاس مۈلكىدىن ئىجازەتسىز مال يىغىشى دۇرۇس ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**4**. ھەيزدار ئايالنىڭ مىقاتتىن (ھەجگە ئېھرام باغلايدىغان جايدىن) ئۆتىشى: ئۆمرە قىلماقچى ياكى ھەج قىلماقچى بولغا ئايالنىڭ

http://nurislam.cn

گەرچە ھەيزدار بولسىمۇ مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتىشى جايىز ئەمەس. بىراق پاك بولغۇچە بەيتۇللانى تاۋاپ قىلمايدۇ. باشقا ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى قىلسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**5.** ساپا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىسىنى سەئى قىلىش ئۈچۈن ھەيزدىن پاك بولۇش شەرت ئەمەس، چۈنكى سەئى قىلىدىغان جاي مەسجىد ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**6.** تاۋاپ قىلغاندا چىلىق دەسسەپ مېڭىش ئايالالارغا ئەمەس، ئەرلەرگە خاس سۈننەت. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**7.** ئايال كىشى ئىككى يېشىل چىراغنىڭ ئارىسىنى سەئى قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك قوغداش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئايال كىشىگە ھەمراھ بولغۇچى ئەرمۇ سەئى قىلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**8.** ھەجرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش: ئايالالارغا ھەجرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ياكى سىلاش تاۋاپ قىلغۇچىلار زىچ چاغدا مۇستەھەپ ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ زەرەر يەتكۈزۈش خەۋپى بار. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**9** ـ ئايال كىشى ئاجىزبولغانلىقى ۋە قىستىلىش خەۋپى تۈپەيلىدىن ئاي ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇزدەلىفەدىن يېنىشى ۋە مىناغا يېتىپ كەلگەندە جەمرەتۇل ئەقەبىگە تاش ئېتىشى جايىز. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**10**ئايال كىشى چېچىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە يىغىپ ئاندىن بارماق ئۇچچى مىقدارى قىسقارتىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**11** ـ ئېھرام باغلىغان ئايالنىڭ كىيىمى: ئادەتتە ئايالالارنىڭ ھەج قىلغاندا ياكى ئۆمرە قىلغاندا كىيىدىغان مەخسۇس كىيىمى يوق، پەقەتلا



http://nurislam.cn

ئادەتتە كـىيىپ يۈرىدىغـان ۋەيۇتۇن بـەدىنىنى ياپـالايدىغان كىيىمـىنى كـىيىدۇ. بـىراق گـىرىم قىلىشقا ياكى ئەرلەرگـە ئوخشۇپلىشقا بولمـايدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

12 ـ ئايالالر ھەجدە چۈمبەل ئارتمايدۇ ۋە پەلەي كىيمەيدۇ. بىراق يات ئەرلەر بار يەردە ئائىشە ۋە ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھالارنىڭ ھەدىسىدە كۆرستىلگەندەك چۈمبىلىنى يۈزىگە تاشلىۋالسا بولىدۇ.

13 ـ ۋاكالىتەن تـاش ئاتقۇزۇش: قـاتلاڭ چىلىق تۈپەيلىدىن ئايال كىشى تـاش ئاتالمـاي قالسا بىرەرسـى ئۈنىڭغا ۋاكالىتـەن تـاش ئېتىپ قويسا بولىدۇ. [پەتۋا كومىتېتى]

14 ـ ئېھـرام باغلىغـان كىشـىنىڭ ئـۆز ئايـالىنى قۇچـاقلاش، جىمـا قىلىـش، يـاكى جىماغـا ئـالاقدار گـەپ سـۆزلەر ئـارقىلىق پايدىلىنىشـى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

15 ـ ئەر ئۆز ئايالىدىن جـەمرەتۇل ئەقەبىگە تاش ئېتىپ بولغان، چىچىنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ بولغان، قـايتىش تاۋاپىنى قىلىـپ بولغان ۋە قايتىش تاۋابىدىن كىيىن ساپا بىلـەن مـەرۋە ئارىسـىنى سـەئى قىلىپ بولغاندىن كىيىن پايدىلانسا بولىدۇ.

16 ـ ئايـاللارنىڭ، يۈزىـدىـن يـۇركەنجىلىرىنى كـۆتۈرۈش ئۈچـۈن چوكـا ئـىلىپ يۈرۈشـىنىڭ زۆرۈرىيـىتى يـوق. [شـەيخ مۇھەممـەد ئىبـنى ئىبراھىم]

17 ـ ئېھـرام باغلىغـان ئايـالنىڭ چـىچى تاھارەت ئالغـاندا يـاكى غۇسلى قىلغاندا چۈشۈپ كەتسە (قەستەن قىلىنمىغانلا بولسا) كـېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

18 ـ ھـەيزدار ۋە نەپاسدار ئايالدىن ۋىدالىشـىش تاۋاپىنى قىلىـش ساقىت. بـىراق قـايتىش تاۋاپـى بۇنىڭدىـن مۇستەسـنا. [شـەيخ ئىبـنى



http://nurislam.cn

ئۈسەيمىن]

19. بىرەر كىشى ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى بىلمەستىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ۋە ياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن قىلسا ئۇنىڭدا ھېچ بىر گۇناھ يوق. [شەيخ ئىبنى ئۈسەيمىن]

20. ئىھراملىقنى ئالماشتۇرۇش: ئايالنىڭ بىرەر ھاجەت تۈپەيلىدىن ياكى ئۇنىڭسىز ئېھراملىقنى ئالماشتۇرسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۈسەيمىن]

21. ئايالنىڭ ئېھرام باغلىغاندا پايپاق كىيىشى جايىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن توسمىغان. [شەيخ ئىبنى ئۈسەيمىن]

22 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئېھرام باغلىغان ئايالنىڭ نىقاپلىنىشىنى توسقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان ئايال چۈمبەل ئارتماسلىقى كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۈسەيمىن]

23 ـ ئېھرام قائىدىلىرىنى بىلمەي يۈزىگە چۈمبەل تاشلىۋالغان مۇھرىم ئايالغا ھېچ بىر گۇناھ يوق ۋە ئۇ ھەججىمۇ دۇرۇس. [شەيخ ئىبنى ئۈسەيمىن]

24 ـ ئېھرام باغلىغان ئايالنىڭ قېشىدىن يات ئەرلەر ئۆتكەندە، قولنى كىيىمنى بىلەن يۈگۈپلىشى كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئۈسەيمىن]

25 ـ ئېھرام باغلىغان ئايال قايتىش تاۋاپىنى قىلماي تۇرۇپلا ھەيز كۆرۈپ قالسا: شۇ ئايال پاك بولغاندىن كېيىن قايتا كېلىش ئىمكانىيىتى بولسا قايتا كېلىدۇ. ئەگەر قايتا كېلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا شۇ سەپەرنىڭ ئۆزىدە ساقلاپ تۇرۇپ تاۋاپ قىلىدۇ ۋە سەئى قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۈسەيمىن]



http://nurislam.cn

26 ـ ۋەدالشىش تاۋاپىنى قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان ئاجىز، كېسەلمەن كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلارغا كۆتۈرگۈزۈپ تاۋاپ قىلىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

27 ـ تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ھەيز قېنى سىزىلسە: ھەيز قېنى چىققانلىقىغا جەزىم قىلغانغا قەدەر تاۋاپ قىلىۋېرىدۇ، ئەگەر ھەيز قېنىنىڭ چىققانلىقى ئېنىق بولسا تاۋاپ قىلىشنى توختىتىپ پاك بولغاندىن كېيىن كېلىپ باشقىدىن تاۋاپ قىلىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى ئەسەيمىن]

28 ـ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئىددىتى توشقىچە ئۆيىدىن چىقىشى ۋە ھەج سەپىرىگە چىقىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

29 ـ ئايالنىڭ ئەرگە ۋاكالىتەن ھەج قىلىش ۋە ئۆمرە قىلىشى جايىز. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

30 ـ ئاياللار ھەج پائالىيىتى قىلىۋاتقان ئەسنادا ھەيز چەكلەش دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

31 ـ ئېھرامدىكى ھالىتىدە ئالتۇن بۇيۇملارنى سالسا: چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىسە، يات ئەرلەرگە كۆرسەتمىسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

32 ـ تاۋاپ قىلىدىغان جاي بەك قاتلاڭ چىلىق بولسا ئاياللارنىڭ تەكرار تاۋاپ قىلمىغىنى ئەۋزەل. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

34 ـ ئايالالارنىڭ تەكرار ھەج قىلىشى: بىز ئايالالارنىڭ تەكرار ھەج قىلمىغىنى ئەۋزەل دەپ قارايمىز. چۈنكى تاۋاپ جەريانىدا ئەرلەرگە كۆپ ئارىلىشىش نۇرغۇن پىتنىلەرگە سەۋەب بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]



http://nurislam.cn

**35** ـ ئايالنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن نەپىقە بېرىش ئەرلەرگە شەرىئەت يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتمۇ؟

ـ ئەر، گەرچە باي بولسىمۇ ئايالىنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن نەپىقە بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق. بىراق بەرگىنى ياخشى، ئايال ئۆز يېنىدىن خىراجەت قىلىشقا ئاجىز كەلسە ھەجقىلىشقا مەجبۇر ئەمەس. [پەتۋا كومىتېتى]

**36** ـ ئاياللارنىڭ كەبە ئەتراپىنى تاۋاپ قىلغاندا ئەرلەر بىلەن قىستىلىشىپ يۈرۈشى جايىزمۇ؟

ـ ئاياللارنىڭ قانداق ئورۇندا بولمىسۇن ئەرلەر بىلەن قىستىلىشىپ يۈرۈشى مۇتلەق ھارام. ئاياللار كەبەئەتراپىنىڭ سەل ـ پەل بوشاش يۇرىستىنى كۈتۈشى ۋاجىپ. ياكى كەبىنى يىراقتىنراق تاۋاپ قىلسىمۇبولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاياللارنىڭ پىتنىدىن ساقلايدۇ.

http://nurislam.cn

## ئون تۆتىنچى ئاياللار ۋە قۇرئان كەرىم توغرىسىدا

**68** جاۋاب بار:

**1.** قۇرئان ئوقۇغاندا بېشى ئوچۇق قالسا كېرەك يوق. ئەڭ ئېھتىياتلىقى سەجدە تىلاۋەت قىلغاندا بېشىنى يېپىۋېلىش. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**2.** قۇرئان كەرىمنى تىپلىشىپ بىرلا ئاۋاز بىلەن ئوقۇش: ئۆگىنىش ئۈچۈن بولسا كېرەك يوق دەپ قارايمىز. باشقا مەقسەت ئۈچۈن بولسا دۇرۇس ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**3.** خەتمە قۇرئان مۇناسىۋىتى بىلەن چاي بېرىش ۋە پائالىيەت ئۆتكۈزۈش: بۇنداق ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە خۇلافائى راشىدىنلاردىن بىرەر سىنىڭ قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئەگەر قىلغان بولسا بىزلەرگە ئەلۋەتتە يەتكۈزۈلەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ بىدئەتدۇر. [پەتىۋا كومىتېتى]

**4.** سۈرە كەھف، سۈرە سەجدە، سۈرە ياسىن، سۈرە فۇسسىلەت، سۈرە دۇخان، سۈرە ۋاقىئە ۋە سۈرە مۇلك قاتارلىقلارنى مۇنجىيەلەرگە خاس قىلىۋېلىش: بۇ سۈرىلەرنى شۇ سۈپەت، شۇ ئاتالغۇ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسلاشتۇرغانلىقى ئىسپاتلانمىغان، كىمكى يۇقىرىقى سۈرىلەرنى ئايرىم جۇغلىۋالسا ياخشى ئىش قىلمىغان بولىدۇ ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئوسمانى نۇسخا تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغانلىق. قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ ھەممىسى رەھمەت ۋە شىپادۇر.

الله تائالا: «بىز مۆمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان



http://nurislam.cn

ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز».

«ئۇ (قۇرئان) مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە شىپادۇر» دېگەن.
[پەتىۋاكومىتېتى]

5. تالىبەلەرنىڭ يات ئەرلەرنىڭ قېشىدا ئاۋازىنى سازلىشىش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭدا چوڭ پىتنە بار. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

6. ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپ قۇرئان كەرىم ئاڭلىسا: كېرەك يوق ۋە ئۇ، اللە تائالانىڭ: «قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار» دېگەن ئايىتىگىمۇ زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى جىم تۇرۇش ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ئاساستا بولىدۇ، ئالدىراش كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ئۈچۈن جىم تۇرۇشى ئىمكانىيىتىگە قاراپ بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

7. قۇرئان كەرىمنى خىزمەت ۋاقتىدا ئوقۇش: قولىدا ئىش بولمىسا ئوقۇسا كېرەك يوق، تەسبە، تەھلىللەرمۇ ھەم شۇنداق، ئۇ بېكار ئولتۇرغاندىن ياخشى، بىراق قۇرئان كەرىم ئوقۇش ئۇنىڭ خىزمىتىگە توسالغۇ بولسا ئۇنداقتا جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

8. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ئەۋزەلمۇ ياكى لېنتىدىن ئاڭلىغان ئەۋزەلمۇ؟

- ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش ئەۋزەل، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتىكى مەقسەت، مەنا - مەزمۇنلىرىنى ئۆيلىنىش ۋە چۈشىنىش. [شەيخ ئىبنى باز]

9. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ھايۋانلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ شەكلىگە ئوخشاش يېزىش توغرا ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

10. ئايەت، ھەدىسلەرنى ۋە اللە نىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى



http://nurislam.cn

زىننەت ئۈچۈن ياكى ئەسلەش ئۈچۈن، ياكى تىجارەتنىڭ روناق تېپىشى، ماللارنىڭ تېزراق قولدىن چىقىشىغا ۋاستە قىلىپ ئىسىۋېلىش، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ ئۇلۇغ نىشانىدىن يىراقلاشقانلىق. قۇرئان كەرىم ھىدايەت، شەرىئەت، نەسىھەت، ئىبرەت ۋە ئەھكام كىتابىدۇر. ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى كەلىمە ـ كەلىمە يېزىش، قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇش نىشانىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىك، بىز قۇرئان كەرىمنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلۇغلىشىمىز ۋە ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىشىمىز كېرەككى ھەرگىز تاملارغا ئېسىۋالماسلىقىمىز، ياكى ئۇنىڭ يېزىقلىرىنى نەقىش قىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

**11.** قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى كېسەلنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن يېزىش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللەرگە بىۋاستە دۇئا ئوقۇغانلىقى ۋە بەدىنىگە يۈرگەنلىكى مەلۇم، ئەگەر قۇرئان كەرىمنى كېسەلنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن سۇغا ئوقۇپ بەرسە كېرەك يوق

سابىت ئىبنى قەيس ئاغرىپ قالغان، پەيغەمبەر ئلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇغا ئوقۇپ بەرگەن ئاندىن كېين شۇ سۇ بىلەن سابىت ئىبنى قەيس يۇيۇلغان. [پەتىۋا كۆمىتتى]

**12.** قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە، ئايەتلىرىنى قەغەزگە يېزىپ سۇ ياكى زەپە بىلەن چايقاپ ئاندىن شۇنى بەرىكەت ئۈمىدى بىلەن ئىچىش مەسىلىسىگە كەلسەك. بۇنى (ئىمام مۇھەممەد ئىبنى تەيمى، ئىبنى قەييۇم) قاتارلىق بىر بۆلۈك ئالىملار جايىز دەپ قارىدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا شۇنداق قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيمىز، شۇڭلاشقا ئۇنداق قىلماسلىق ۋە شەرىئەت يولغا قويغان دائىرىدە قۇرئان كەرىمنى كېسەلگە بىۋاستە ئوقۇش ياكى كېسەلنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن سۇغا دەمىدە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىش ئەۋزەل دەپ قارايمىز. [پەتىۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

**13**. قۇرئـان كـەرىمنى توغـرا ئوقۇيالمايدىغـان ئايـال: قۇرئـان كەرىمنىڭ ئىبارىسىنى توغرا ئوقۇشنى ئۆگىنىشى ۋە كەلىملەرنى توغرا ئوقۇيالىغانغا قەدەر قايتا ـ قايتا تەكرار ئوقۇشى لازىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان كەرىمنى قىينىلىپ تەستە ئوقۇيدىغان كىشىگە ئىككى ئەجىربولىدۇ.» دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

**14**. تىلاۋەت سەجدىسىدە تەكبىر ۋە سالام يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**15**. قـارى سـەجدە قىلسـىلا ئاڭلىغۇچىغـا سـەجدە قىلىـش كەتمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**16**. تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىپ ئەمەس سۈننەت.

[شەيخ ئىبنى باز]

**17**. تىلاۋەت سەجدىسىدە نامازنىڭ سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان تەسبىھ ۋە دۇئا ئوقۇلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**18**. قۇرئـان تىـلاۋەت قىلىۋاتقـاندا مۇئـەززىن ئـەزان ئېيتسـا: مۇئـەززىننىڭ كـەلىملىرىنى تـەكرارلاش سـۈننەت، قۇرئـان كـەرىمنى تىلاۋەت قىلىۋەرسە سۈننەت كېتىپ قالىدۇ، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ۋاقتى كەڭرى. [شەيخ ئىبنى باز]

**19**. ئۆي تازىلىغاندا قۇرئان كەرىمنى يۆتكىۋېتىش: ئايال كىشى جۇنۇپ بولمىسا تاھارەتسىز ھالەتمۇ يۆتكەش جايىز. [شەيخ ئىبنى مۇنىئ]

**20**. مـەيىت ئۈچـۈن سـۈرە فاتىھـە ئوقـۇش: بىدئـەت، چۈنكـى پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مەيىتلەرگـە سـۈرە فاتىھـە ئوقۇغـانلىقى رىۋايـەت قىلىنمىغان، كىشى ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئۈچـۈن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلسا يوللۇق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]



http://nurislam.cn

**21**. قۇرئان كەرىمنى ئۈنلۈك ئوقۇغان ياخشىمۇ ياكى ئۈنسىز ئوقۇغان ياخشىمۇ؟

- ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئوقىسا بولىدۇ، ئەگەر ئۈنلۈك ئوقۇش قەلبىگە بەكرەك تەسىر قىلسا، باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمىگەن ئاساستا ئۈنلۈك ئوقۇغان ياخشى، ئەگەر ئۈنسىز ئوقۇغاندا بەكرەك تەسىر قىلسا ئۈنسىزئوقۇغان ياخشى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**22**. ئۈن ئالغۇ چىقىرىپ قويۇپ قىرائەت قىلىش: ئۈن ئالغۇ ئاۋازى سىزنى قىرائەت قىلىشتىن كاشىلا قىلمىسا ۋە ئوقۇغانلىرىڭىزنى مۇلاھىزە قىلىشتىن توسمىسا بولىدۇ.

**23**. خاتا بىسلىپ قالغان ياكى يىرتىلىپ كەتكەن قۇرئان كەرىم ۋاراقلىرىنى قانداق قىلىدۇ؟

- كۆيدۈرۈۋەتسە ياكى ئادەملەر ئاياق باسمايدىغان پاك يەرلەرگە كۆمۈۋەتسە بولىدۇ، بىراق ئەخلەت خانىلارغا تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**24**. ئايال كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت قىلىشى: ئۆز ئۆيىدە بولسا ياكى ئۆز مەھرەملىرى بىلەن بولسا ۋە ياكى پەقەت ئاياللار بىلەنلا بولسا جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

**25**. قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىش: قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى نە ئاتا ـ ئانىغا نە باشقىلارغا ھەدىيە قىلىشنىڭ شەرئەتتە يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان كىتاب ـ سۈننەتتىن ۋە ساھابە كىراملاردىن يېتىپ كەلگەن بىرەر دەلىل ئىسپات يوق، اللە تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ تىلاۋىتىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن ۋە مەنا مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئۈچۈن يولغا قويغان، بەزى ئەھلى ئىلىملەر ئۇنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەردى. بىراق توغرىسى يۇقىرىقى سۆز، گەرچە سەلەپلەر قىلغانلىقى ئۈچۈن يوللۇق



http://nurislam.cn

بولسىمۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**26**. قۇرئان كەرىمنى تەۋەررۈك مەقستى بىلەن ماشىنا ۋە قاتناش ۋاستىلىرىگە قويۇپ قويۇش: ئەگەر ئۇنى قويۇشتىكى مەقسىتى شەيتانلاردىن ۋە جىنلاردىن ساقلىنىش بولسا دۇرۇس ئەمەس، بىراق بەزى چاغلاردا ئوقۇش مەقسىتىدە قويۇپ قويسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**27**. ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئېلىنغان ئۇ ئىسىن لىنتىلىرىنى ھاجەتخانىلارغا ئېلىپ كىرسە كېرەك يوق. چۈنكى ئايەت ھەدىسلەر لىنتىدا ئايان بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**28**. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى «مۇشكۇلاتتىن ساقلايدۇ» دېگەن مۇددىئادا يىرتىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئۈچۈن چۈشكەن ئەمەس، ئۇنىڭ ھېچ بىر ئاساسىمۇ يوق. بىراق بېشىغا كۆن چۈشكەنلەرگە ۋە كېسەللەرگە ئوقۇش يوللۇق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**29**. سۈرە ئىخلاسنى ئۈچ قېتىم ئوقۇش بىلەن قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىم خەتمە قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟

- بولىدۇ. بىراق قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**30**. قۇرئان كەرىمنى سەھىپە يۈزىسىدىن تىلاۋەت قىلغان ياخشىمۇ ياكى ياتقا قىرائەت قىلغان ياخشىمۇ؟

- قۇرئان كەرىمنى سەھىپە يۈزىسىدىن قىرائەت قىلىش ياخشىراق ۋە توغۇرلىققا يېقىنراق، ئەگەر كىشىگە يادقا ئوقۇش كۆڭلىدە ساقلاشقا، خۇزۇئ - خۇشۇئ قا پايدىلىق بولسا يادقا ئوقۇغىنى ياخشى. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

http://nurislam.cn

31. رەھمەت ۋە ئازاب ئايەتلىرىنى تەكرار ئوقۇش: خۇزۇئقا ۋە مۇلاھىزىگە ياندىش بولسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

32. دۇئا قىلغاندا يىغلاپ قۇرئان كەرىمنى تىڭشىغاندا يىغلىماسلىق: قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلغاندا ياكى تىڭشىغاندا خۇشۇئ قىلىش ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئىشتۇر، دۇئادا خۇشۇئ قىلىش. بۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولماستىن دۇئانىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىشى بىلەن بولىدۇ، ئەمما بىر قىسىم ئايەتلەردە قەلب ئۇنداق ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

33. رامىزاندا قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلىش: ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

34. قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش: ئىبادەتلەردە قىبلىگە ئالدىنى قىلىش مۇستەھەپ (نامازنىڭ غەيرىدە) ئەگەر قىبلىگە قارىمىسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

35. قۇرئان كەرىمنى مۇنچىغا (ھاجەتخانىغا) ئېلىپ كىرىش: دۇرۇس ئەمەس، بىراق سىرتتا قويسا ئوغرى ئېلىۋېلىشتىن قورقسا، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئېلىپ كىرىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

36. قۇرئان كەرىمنى ئۇنتۇپ قېلىش: توغرىسى ئۇ گۇناھ ئەمەس، بىراق مۇسۇلمان ئادەم قۇرئان كەرىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، تەكرارلاپ تۇرۇش ۋە ئەستە ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. ئەمما قۇرئان كەرىمنى يادلاپ ئۇنتۇپ قالغان كىشىگە تەھتىد تۇسىنى ئالغان ھەدىس زەئىپ ھەدىستۇر. [پەتىۋا كومىتېتى]

37. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى چاقچاقتا ئىشلىتىش دۇرۇس ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

38. رادىئودىن قۇرئان كەرىم ئاڭلاۋېتىپ خەۋەرگە ئوخشاش



http://nurislam.cn

باشقا پروگراممىلارنى ئاڭلاشقا دولقۇن يۆتكەش: خەۋەر پروگراممىلىرىنىڭ ۋاقتى كەلسە دولقۇن يۆتكىسە كېرەك يوق. چۈنكى ھەر بىر ئىشنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، ئۇ قۇرئان كەرىمدىن يۈز ئۆرىگەنلىك ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**39.** تاھارەتسىز ھالەتتە قۇرئان كەرىمنى ياتقا ئوقۇسا: كېرەك يوق، ئەمما قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتۇش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**40.** قۇرئان كەرىمنى تەرك ئېتىش تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ: **1** ـ تىلاۋەتىنى تەرك ئېتىش: **2** ـ مەنا ـ مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىش، مۇلاھىزە قىلىشنى تەرك ئېتىش. **3** ـ ئەمەل قىلىشنى تەرك ئېتىش ۋە ھۆكمىنى، ھۆكۈم قىلىشنى تەرك ئېتىش. **4** ـ ئۇنىڭ بىلەن كېسەللەرگە شىپالىق تىلەشنى تەرك ئېتىش. **5** ـ قۇلاق سېلىشنى تەرك ئېتىش، اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئېيتتى: ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى». [سۈرە فۇرقان **30** ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنى ھەر جەھەتتىن تاشلىۋەتمەسلىك، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچى. [پەتىۋا كومىتېتى]

**41.** قۇرئان كەرىم ئېلىنغان ئۆن ئالغۇ لېنتىسىنى تۇتۇش: تۇتقان ئادەم گەرچە جۇنۇپ بولسىمۇ كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**42.** ھەيزدار ئايال قۇرئان ئوقۇسابولامدۇ؟

ـ ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئەڭ توغرا سۆزىگە ئاساسلانغاندا قۇرئان كەرىمنى تۇتماي ئوقۇسا كېرەك يوق. ھەيزدار ئايال قۇرئان كەرىمنى تۇتماقچى بولسا، پاكىزە رەخت ياكى لۆڭگەدىگەندەك بىر نەرسە بىلەن تۇتۇش كېرەك.



http://nurislam.cn

**43**. جىنابەتتىكى ئادەم قۇرئان كەرىمنى مۇتلەق ئوقۇيالمايدۇ.

[شەيخ ئىبنى باز]

**44**. قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان كىشىگە سالام قىلسا: بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى چەكلەيدىغان شەرئى دەلىل يوق. قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىمۇ جاۋاب سالام قايتۇرغاندىن كېيىن تىلاۋەتنى داۋاملاشتۇرسا ئىككى ئەجرگە ئېرىشكۈسى. [پەتىۋا كومىتېتى]

**45**. ئايالىلارمۇ قۇرئان كەرىم تىلاۋەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشسا بولامدۇ؟

- تىلاۋەت جەريانىدا ئاۋازنى نازلاشتۇرماي، شەرئەتكە لايىق ھىجاپلىنىپ، يات ئەرلەرگە ئارىلاشماي ياكى خالىي جايلاردا بىرگە تۇرماي قاتناشسا بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**46**. قۇرئان كەرىمنى ھەقلىق ئۆگىتىش: بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھەق ئېلىشىڭلار ئەڭ تېگىشلىك نەرسە الله نىڭ كىتابى» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

**47**. قۇرئان كەرىمنى ھەرقانداق ھالەتتە تىلاۋەت قىلىش: كارىۋاتتا يانچە يېتىپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ۋە ياكى ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلسا كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**48**. قارىلارنىڭ تىلاۋەت ئاخىرىدا (سەدەقەللاھۇل ئەزىم) دېيىشى: بىدئەتتۇر، چۈنكى ئۇنى نە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، نە خۇلافائى راشىدىنلار نە باشقا ساھابىلەر دېمىگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدىن بولمىغان بىرەر ئىشنى قىلسا ئۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ». [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

**49**. قۇرئان كەرىمنى سۆيۈش: قۇرئان كەرىمنى سۆيۈشنىڭ يوللۇق ياكى ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدىغان بىرەر شەرئى دەلىلنىڭ بارلىقىنى

http://nurislam.cn

بىلمەيمىز. [پەتۋا كومىتېتى]

**50**. قۇرئان كەرىمنى يەرگە قويۇش: ئىمكان قەدەر ئېگىز جايغا قويۇش ئەۋزەل. مۇمكىن قەدەرپاكىزە ئەدىيال دېگەندەك نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويۇش ئاندىن يەرگە قويۇش جايىز. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**51**. قۇرئان كەرىمنى تەرتىل بىلەن ئوقۇش: ۋاجىپ ئەمەس، بىراق تىلاۋەتنىڭ ئەدەبلىرىدىندۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**52**. قۇرئان كەرىمنى تېز ئوقۇش: بىرەر ھەرپىنى تاشلاپ قويماسلىق شەرتى بىلەن جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**53**. ئۈيدە قۇرئان كەرىمنى بامداتتىن كېيىن كۈن چىققانغا قەدەر تىلاۋەت قىلىش: ئايال كىشى ناماز بامداتتىن كېيىن كۈن چىققۇچە ناماز ئوقۇغان جايىدا ئولتۇرۇپ اللە نى زىكرى قىلسا، ياكى قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلسا ئاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا خۇددى ھەدىس شەرىپتە كەلگەندەك ھەج ۋە ئۆمرە قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**54**. سۈرە ياسىن، سۈرە دۇخان، سۈرە ۋاقىئە، سۈرە مۇلك قاتارلىق سۈرەلەرنىلا ئوقۇش: بۇ سەھىھى ھەدىستە ئىسپاتلانمىغان، بىراق مۇسۇلماننىڭ قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ ھەممىنى كۆپ ئوقۇشى يوللۇق. [پەتۋا كومىتېتى]

**55**. قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە تىلاۋەت قىلىش ئەۋزەل، بۇ تەرتىپ دەسلەپ پاتىھە سۈرىسىدىن ئاندىن كېيىن بەقەرە سۈرىسىدىن ئاندىن ئال ئىمران سۈرىسىدىن باشلىنىپ، ئاخىرى ناس سۈرىسىدە ئاخىرلىشىدۇ، لېكىن ئاخىرىدىن باشلاپ (يەنى ناس سۈرىسىدىن باشلاپ) ئوقۇسىمۇ كېرەك يوق. [پەتۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

**56**. قۇرئان كەرىمنى لەۋلىرىنى مىدىرلاتماي، كۆز ئىگىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەمگە قۇرئان تىلاۋەت قىلغانلىق ئەجرى بولامدۇ؟

- ئۇنداق كىشى، قۇرئان تىلاۋەت قىلدى دەپ قارالمايدۇ، ئۇنىڭغا تىلاۋەت ئەجرىمۇ يەتمەيدۇ. قۇرئان كەرىمنى ئەتراپىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك بولمىسىمۇ ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئوقۇش كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

**57**. مۇراسىملاردا قۇرئان ئوقۇيدىغان قارىلارنى ئىجارە ئېلىش: دۇرۇس ئەمەس، قۇرئان ئوقۇپ بىرىپ ھەق ئالغان كىشى گۇناھكاردۇر. ئۇنىڭغا ساۋاب يوق. چۈنكى قۇرئان ئوقۇش ئىبادەت، ئىبادەت تۈرىدىكى ھەرقانداق ئىشقا ھەق ئېلىشقا ھەق ئېلىش جايىز ئەمەس.

**58**. قۇرئان تىلاۋەتكە ھەق ئېلىش جايىز ئەمەس، بىراق ئۆگىتىشكە ھەق ئېلىش جايىز

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان كەرىمنى ئوقۇڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ۋولار» دېگەن. [پەتىۋا كومىتېتى]

**59**. قەبرىلەرگە قۇرئان ئوقۇش: بىدئەت، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ساھابە كەرىملەرنىڭ قەبرىگە قۇرئان ئوقۇغانلىقى ئىسپاتلانمىغان.

**60**. قەبرىلەردە تۇرۇپ مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا كەلسەك، ئۇنىڭدا كېرەك يوق. كىشى قەبرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مېيىتكە ئاتاپ دۇئا قىلىش جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**61**. ھەيزدار ۋە نەپاسدار ئايالنىڭ ئايەت دېمىدە قىلىنغان سۈنى ئىستېمال قىلىشى جايىز. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**62**. قۇرئان كەرىمنى بوۋاقنىڭ بېشىدا قويۇپ قويۇش: بوۋاقنى جىنلاردىن قوغداش مەقسىتىدە قويۇپ قويۇش جايىز ئەمەس. [شەيخ



http://nurislam.cn

ئىبنى فەۋزان]

**63**. سېھىرلەنگەن ئايالنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن، بىرەردۇئاخاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىش جايىزمۇ؟

- تۆۋەندىكى شەرتلەرتېپىلسا جايىز: **1** - دۇئاخان دىن ئەقىدىسى ساغلام، ئۆزى ياخشى بولۇش. **2** - سېھىرلەنگەن ئايال ھىجاپ قىلىنغان بولۇش. **3** - ئىككىسى يالغۇز تۇرماسلىق. **4** - دۇئاخان پىتنەدىن ساقلانغان يەنى: ئايال كىشىگە قارىمايدىغان ياكى بىرەر ئەزاسىنى تۇتمايدىغان بولۇش. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**64**. نامازدا قۇرئان كەرىمدىن قىرائەت قىلىش: رامىزاندا بولسۇن، مەيلى رامىزاننىڭ غەيرىدە بولسۇن، پەرز نامازدا بولسۇن، مەيلى نەپلە نامازدا بولسۇن، مەيلى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردابولسۇن ھاجەت قۇرئان كەرىمدىن قىرائەت قىلىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالسا دۇرۇس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**65**. ھەيزدار ئاياللار قۇرئان تىلاۋەت قىلسا بولامدۇ؟

- ھەيزدار ئايالنى قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەش توغرىلىق كەلگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، ھەدىس سەھىھ بولمىسا ھۆججەت قىلىنمايدۇ. ھەيزدار ئايالالرنىڭ قۇرئان ئوقۇمىغىنى ئەلا، بىراق مۇئەللىمگە ياكى تالىبەلەرگە ۋە شۇلارغا ئوخشاشلار زۆرۈر تېپىلغاندا ئوقۇسا جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**66**. ھەيزدار ئايالالرنىڭ تىلى بىلەن تەلەپپۇز قىلماي كۆزى بىلەن قاراپ قۇرئان ئوقۇشى: دۇرۇس، بۇ ھەقتە ئىما نەۋەۋى: ئىختىلاپسىز جايىز دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**67**. جۇنۇپ ئادەم قۇرئان ئوقۇسا بولامدۇ؟

- جۇنۇپ ئادەمنىڭ يادقا قىرائەت قىلىشمۇ ۋە قۇرئاننىڭ ئۆزىدىن



http://nurislam.cn

قىرائەت قىلىشمۇ جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

**68**. اﷲ تائالا ھەيزدار ئايالنىڭ دۇئا ۋە ئىستىغفارلىرىنى قوبۇل قىلامدۇ؟

ـ شۇنداق قوبۇل قىلىدۇ. ھەيزدار ئايالالرمۇ كۆپلەپ دۇئا، ئىستىغفار قىلىشى، بولۇپمۇ شەرەپلىك ۋاقىتلاردا شۇنداق قىلىشى مۇستەھەپ، قاچانكى دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى تولۇقلانسا، اللە تائالا ھەيزدار بولسۇن، بولمىسۇن قوبۇل قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

http://nurislam.cn

## ئون بەشىنچى ئايالار ۋە چۈش توغرىسىدا

**13** جاۋاب بار:

**1** ـ ئىنساننىڭ كۆڭلى كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارغا ئىنتىلىدۇ. كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار غەيبى ئىشلار بولۇپ ئۇنى پەقەت الله تائالا بىلىدۇ. ئۆزگىلەر بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى بىلىش الله غا خاستۇر﴾. [سۈرە نەھل 77 ـ ئايەت]

**2** ـ بەزى ئادەملەر غايىبنى سېھرى يولى ئارقىلىق بىلىشكە ئورۇنىدۇ، بۇنىسى ئوچۇق ھارام دۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى چىراغچى كاھىنلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى تەستىقلىسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ». [ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان]

**1** . ئىمانلىق كىشىلەرگە كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن خۇش بېشارەت بېرىدىغان، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان «راست چۈش» ئاتا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت مۇبەششىراتلا قېلىپ قالدى» دېگەن. ساھابەكىراملار: مۇبەششىرات دېگەن نىمە؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشى چۈش» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

**2** . ئادەملەرنىڭ كۆرۈدىغان چۈشلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ: **1** ـ راست چۈش: بۇ الله تائالا تەرىپىدىندۇر. **2** ـ يالغان چۈش: بۇ شەيتاننىڭ ئادەم بىلەن ئوينىششى بولۇپ، ئادەم تاھارەتسىز ۋە الله نىڭ زىكرىسىز ئۇخلىغاندا كۆرۈلىدۇ.



http://nurislam.cn

6 ـ كۆڭۈلنىڭ ھادىساتلىرى: بۇ ئادەم ئويغاق ۋاقتىدا كۆپ خىيال قىلغان ۋە ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ كارتىنىسى، بۇ خىل ھادىسە تاماقنى كۆپ يەۋالغان، كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغان سەۋەبتىن ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ بولىدۇ.

7 ـ كۆپىنچە ئادەملەر شەيتاننىڭ ئويننىشى بىلەن راست چۈشنىڭ پەرقىنى ئايرىۋالالماي چۈشىدە كۆرگەن ئىشلاردىن غەم ئەندىشىگە چۆمىدۇ. ھالبۇكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى خالاس.

8 ـ شەيتاننىڭ ئويننىشىدىن كۆرۈلگەن يالغان چۈشلەرنىڭ ئالامىتى: 1 ـ كىشى چۈشىدە زىددىيەتلىك ئىشلارنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ باش ئاخىرىنى بىلەلمەيدۇ. 2 ـ بەزى كىشىلەر چۈشىدە كۆرۈلگەن مەلۇم بىر ئىشلار سەۋەبلىك ئاغرىپ قالىدۇ. مەسىلەن: چۈشىدە دەريا ياكى قار كۆرگەن كىشىگە سوغۇق تېگىپ قالىدۇ. چۈشىدە قۇياش ياكى ئوت (گۈلخان ) كۆرگەن كىشىگە ئىسسىق تېگىپ قالىدۇ. 3 ـ ئادەم بەزى چاغلاردا ئويغاق ۋاقتلىرىدا تولا خىيال قىلغان نەرسىلەرنىمۇ چۈشەپ قالىدۇ .

9 ـ يامان چۈش كۆرۈپ قالغاندا شەرىئەت قىلىشقا يول قويغان ئىشلار: 1 ـ كۆرگەن يامان چۈشىدىن اللە قا سېغىنىپ 3 قېتىم پاناھلىق تىلەش. 2 ـ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سېغىنىپ 3 قېتىم پاناھلىق تىلەش. 3 ـ سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىش. 4 ـ بىرەر كىشىگە ئېيتماسلىق. 5 ـ تەبىرىنى سورىماسلىق. 6 ـ باشقا ياققا ئۆرۈلۈپ يېتىش. 7 ـ اللە دىن ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى سوراش. 8 ـ ئۇنىڭ زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش. 9 ـ ناماز ئوقۇش .

10 ـ ياخشى چۈش كۆرگەندە قىلىدىغان ئىشلار: 1 ـ ياخشى چۈشنىڭ اللە تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. 2 ـ ياخشى چۈش كۆرگەنلىكىگە قارىتا اللە قا ھەمدە ـ سانا ئېيتىش. 3 ـ تەبىرىنى



http://nurislam.cn

سوراش. 4 ـ ئۈنى پەقەت ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگىلا ئېيتىش .

11 ـ راست چۈشنىڭ ئالامىتى: 1 ـ ئىلگىرىكى يامان چۈشنىڭ بارلىق ئالامەتلىرىدىن پايدىلىنىش. 2 ـ چۈش كۆرگۈچى گەپ ـسۆزىدە راستچىل بولۇش. 3 ـ باش ئاخىرىنى بىلىش. 4 ـ قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرىدىگە ساۋاب بىلەن بېشارەت ئېلىش، گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىگە قارىتا ھوشىنى تېپىش.

12 ـ يالغاندىن چۈش ئۆرۈش ھارام: گۇناھى چوڭ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «كۆرمىگەننى كۆردۈم دېيىش ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق» دېگەن. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

13 ـ چۈشنىڭ تەبىرى كىمدىن سورىلىدۇ؟

ـ ئىلمىگە، دىنىگە ۋە سالاھىيتىگە ئىشەنچ قىلىنغان كىشىدىن سورىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: بىرەرسىڭلار چۈش كۆرسە ئۈنى پەقەت ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگىلا ئېيتىدۇ» دېگەن. [ھاكىم رىۋايەت قىلغان]

http://nurislam.cn

## ئون ئالتىنچى ئاياللار ۋە ۋەسۋەسە توغرىسىدا

**17** جاۋاب بار:

**1.** ۋەسۋەسەدىگەن: كۆڭۈلنىڭ بىرەر ئىشتا تۇراقلىشالماسلىقى ۋە ئىككىلىنىشىدۇر.

**2.** ۋەسۋەسىنىڭ سەۋەبلىرى: **1** ـ ئىلىمسىزلىك؛ ئىلىم ـ مەرىپەت ئادەمنى ئىككىلەندۈرىدىغان ۋە خىيالنى چالغىتىدىغان ئىشلارنى يوقىتىدۇ. ئىلىمسىزلىك ئادەمگە زىيان سالىدىغان ئىشلارنى پەيدا قىلىدۇ. **2** ـ ئىماننىڭ ئاجىزلىقى ۋە اللە نى ئەسلەشنىڭ كەملىگى ؛ ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئازلاپ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ كۆپىيىشى. ئەكسىچە ئىمان كۈچەيسە ئۈنىڭدىن شەيتان قاچىدۇ. ئازدۇرۇشقا يول تاپالمايدۇ. **3** ـ دائىم ئارامسىزلىنىش؛ ئارامسىزلىق ۋە قۇرۇق خىيالنى كۆپ قىلىش ئادەمنىڭ ۋەسۋەسگە چۈشۈپ قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ۋە شەيتاننىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

**3.** مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ۋەسۋەسىدىن يىراق بولۇش ئۈچۈن ئاۋازنى كۆتۈرسە كېرەك يوق. نامازخان نامازدا تۇرۇپ سول تەرىپىگە تۈكۈرۈۋېتىشكە ۋە اللە قا سىغىنىپ شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلەشكە بۇيرۇلغان، (ئاۋازنى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك كۆتۈرسە بولىدۇ) [شەيخ ئىبنى باز]

**4.** نامازدا ئۈچ رەكئەت ئوقۇدۇمۇ ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇدۇمۇ دەپ شەكلىنىپ قالسا ئۈچ رەكئەت قىلىپ نامازنى تولۇقلايدۇ (يەنە بىر رەكئەت ئوقۇيدۇ) ئاندىن كېيىن سالامدىن ئىلگىرى سەجدە سەھۋە قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

http://nurislam.cn

5. ۋەسۋەسىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ بەلكى سەجدە سەھۋە قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

6. ئەگەر ئالدى كەينىدىن بىرەر نەرسىنىڭ چىققانلىقىدىن شەكلەنسە ئۇ تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ ۋە ئۇنىڭغىمۇ قارالمايدۇ، چۈنكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدۇر. [شەيخ ئىبنى باز]

7. ئەقىدە توغرىسىدا بولىدىغان ۋەسۋەسە: ھەدىس شەرىپتە كەلگەندەك شەيتان ئادەمدىن: «بۇنى كىم ياراتتى، ئۇنى كىم ياراتتى ھەتتاكى الله نى كىم ياراتتى؟» دەپ سورايدۇ. بۇنىڭ ئامالى: 1 ـ الله قا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىشەندىم دېيىش. 2 ـ سۈرە ئىخلاس ئوقۇش. 3 ـ الله قا سىغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەش بىرگە سول تەرىپىگە تۈكۈرۈۋېتىش. 4 ـ ۋەسۋەسىلىك خىياللارنى دەرھال تەرك ئېتىش.

8. بەزى ئاياللار ھاجەت قىلغاندا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرايدۇ: شۇ سەۋەبلىك ھاجەت خانىدا ئۇزۇن ئولتۇرىدۇ .

9. بەزى ئاياللار تاھارەتنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىگە ھەققىدە ۋەسۋەسىلىنىدۇ: بۇنداق ئەھۋالدا بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىغۇچە ياكى بىرەر پۇراقنى سەزگۈچە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەك.

10. بەزى ئادەملەر كىيىمگە تېگىپ قالغان سۇنىڭ پاكلىقى ياكى نىجىسلىقى ھەققىدە ۋەسۋەسىلىنىدۇ. توغرىسى كىيىمنى يۇيۇش كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كىيىمى ئەسلىدىنلا پاك، ۋە يوقۇپ قالغان سۇ پاك.

11. تاھارەت ئېلىۋېتىپ ۋەسۋەسىلىنىش: شەيتان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئېغىزنى چايقىمىغاندەك ياكى بېشىغا مەسھ قىلمىغاندەك ياكى تاھارەتنىڭ نىيىتىنى قىلمىغاندەك خىياللارنى تاشلايدۇ. بۇنىڭغا بىزنىڭ دېيىدىغىنىمىز تاھارىتىڭىزنى ئېلىۋېرىڭ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە پەرۋا قىلماڭ .



http://nurislam.cn

**12**. يەرنىڭ پاكلىقى توغرىلىق ۋەسۋەسىلىنىش: مەسىلەن: كىشى تاھارەتتىن كېيىن پۈتىنى يۇيۇپ يەرگە ياكى گىلەمگە دەسسەيدۇ يۇ، نىمە دەپ نامازنى جايناماز ئۈستىدە ئوقۇيدۇ؟ توغرىسى زېمىننىڭ ھەممىسى پاك.

**13**. ناماز توغرىلىق ۋەسەۋەسىلىنىش: بەزى ئايالالار ئەمدىلا نامازنى باشلاپ سۈرە فاتىھە نى ئوقۇپ بولۇشىغىلا شەيتان كېلىپ ؛ سەن تېخى سۈرە فاتىھە ئوقۇمىدىڭ دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ ۋە نامازنىڭ رەكئەتلىرىدىن شەكلەندۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا الله قا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەش ۋە مۇنداق ۋەسۋەسىلەردىن يىراق بولۇش.

**14**. ئى ۋەسۋەسىگە ئۇچرىغۇچى! بىلىپ قىلىڭكى ؛ نىيەت دىمەك بىرەر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلاش ياكى بىرەر ئىشنى قىلىش ئىرادىسىگە كېلىش دىمەكتۇر. نىيەتنىڭ ئورنى دىل بولۇپ ئۇنىڭ تىل بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوق. بىرەر كىشى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرسا، ئۇ تاھارەتكە نىيەت قىلغان بولىدۇ. بىرەر كىشى نامازغا تۇرسا، ئۇ نامازغا نىيەت قىلغان بولىدۇ. شەيتاننىڭ سەن تېخى تاھارەت ئېلىشنى ياكى ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلمىدىڭ، دەپ ۋەسۋەسە قىلىشلىرىغا پەرۋا قىلماڭ .

**15** ـ ۋەسۋەسىلەرنى تۈگىتىشنىڭ چارىسى: **1** ـ شەرئى ئىلىملەرنى ئىگىلەش. بۇ ئىلىم ئۆز ئەھلىنى شەرىئەتتە ئەسلى يوق ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ساقلايدۇ. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگىشىش بىلىمسىزلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر. **2** ـ ئىماننى كۈچەيتىش، داۋاملىق رەھمان تائالانى ئەسلەپ تۇرۇش؛ الله نى ئەسلەش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى قورغىنى. **3** ـ الله قا سېغىنىپ ۋە پاناھ تىلەپ دۇئا قىلىش؛ بۇ ھەقتە الله تائالا «ئەگەر ساڭا شەيتان ۋەسۋەسە قىلسا (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن» دىگەن.



http://nurislam.cn

شـەيتاننىڭ ۋەسۋەسـەدىن قۇتۇلدۇرۇشـىنى تىلـەپ اللـە قـا دۇئـا قىلىش .

15. كىشى راستىنلا شەكلەنسە ئىشەنچ قىلغانغا قەدەر ئەملىنى داۋاملاشـتۇرىدۇ. يـەنى تاهـارەت ئالغـاندا بـىرەر ئەزاسـىنىڭ راسـتىنلا يۇيۇلماي قالغانلىقىدىن شەكلەنسە شۇ ئەزاسىنى قايتا يۇيىـدۇ. [شـەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

16. بـىــرەر كىشــى بىرنەرسـىنىڭ پــاكلىقىدىن شــەكلىنىپ ناپاكلىقىدىن ئەندىشە قىلسا؛ شەكتىن (ۋەسۋەسـەدىن) يـىراق بولمىقى ۋە ئۇنىڭغـا ئەمـەل قىلىشـىنى تـەرك ئـەتمىكى لازىـم. الله قـا سـىغىنىپ شـەيتان رەجىمدىـن پـاناھلىق تىلـەش ۋە ئۇنىڭدىـن ئامـان قىلىشـىنى سوراش كېرەك [شەيخ ئىبنى باز]

17. شـەيتان هـەر ۋاقىـت مۇسۇلماننىڭ نامـاز، تاهـارەت ۋە باشقا ئەمەللىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا شەيتانغا جەڭ ئېلان قىلىــش، ۋەسۋەسـىلىرىدىن قورقماسـلىق ۋە دائىـم شــەيتان ئەلـەيهى لەئىننىڭ شەررىدىن الله قا سىغىنىپ پاناھ تىلەش لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

18. پـەرز نامـازدىن كېيىـن ئىهتىيـات نـامىزى ئوقۇش: يولسـىز ئىش. بىراق نامازغا تۇرغىنىڭىزدا چوقۇم زېهنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ خۇزۇئ ـ خۇشۇئ بىلەن ناماز ئوقۇشىڭىز لازىم. ئەمما بەزى بىر خىياللار ۋە كـۆڭۈلنىڭ داۋالغۇشـلىرى اللـە خالىسا نامازغا زەرەر يەتكۈزەلمـەيدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

http://nurislam.cn

# ئون يەتتىنچى ئايالالار ۋە ئاشقلىق توغرىسىدا

5 جاۋاب بار:

1. ئاشىقلىقنىڭ ھەقىقتى ۋە ئۇنىڭ زەرەرلىرى ھەققىدە بىرقانچە كەلىمە سۆز: 1 ـ بەزى ھۆكۈمالار ئېيتىدۇكى: جۇنۇنلۇقنىڭ (ساراڭلىقنىڭ) بىر قانچە تۈرى بار، ئاشىقلىق شۇنىڭ بىر تۈرى. 2 ـ ئۇلار دەيدۇ: قانچىلىغان ئاشىقلار ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى، يۈز ـ ئابرويى، ئائىلىسى ۋە دىنى، دۇنيالىق مەنپەتىنى ئۆز مەشۇقى يولىدا زايا قىلىشتى. 3 ـ بىر بۇلۇك ئالىملار ئاشىقلىق توغرىسىدا سورالغاندا ئۇلار ئېيتقانكى: قەلب الله نىڭ زىكرىدىن غاپىل بولسا، اللهئۇنى غەيرىنىڭ ئىبادىتى بىلەن سىنايدۇ، غاپىل قەلب شەيتاننىڭ ئۇۋىسى. 4 ـ ئاشىقلار ئادەملەرنىڭ ئەڭ بەختسىزى، ئەڭ بىچارىسى ۋە پەرۋەردىگارىدىن ئەڭ غاپىلى. 5 ـ ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: تىبابەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشىقلىق بىر تۈرلۈك ۋەسۋەسە كېسەللىكى، دەيدۇ .

2. ئاشىقلىقنىڭ ناتوغرا ئالامىتى: ئاشىق ئۆز مەشۇقىنىڭ رازىلىقىنى پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. مەشۇقىنىڭ ھەققى، پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا ئاۋۋال مەشۇقىنىڭ ھەققىنى ئۆيلىشىدۇ. [ئىمام ئىبنى قەييۇم]

3. ئاشىقلىقنىڭ سەۋەبلىرى: قەلبىتىن الله نىڭ زىكرى ۋە مۇھەببىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىش، چۈنكى قەلب الله نىڭ مۇھەببىتىگە تولسا، ئۆزگىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئورۇن قالمايدۇ. 1 ـ ئىبنى قەييۇم دەيدۇ: الله نىڭ مۇھەببىتىدىن بوشىغان قەلب ئاشىقلىق بىلەن سىنىلىدۇ. 2 ـ تەشۋىقات ۋاستىلىرى: يەنى گۈزەل ئەخلاق ـ

http://nurislam.cn

پەزىلەتنى بۇزىدىغان ھاياسىز فىلىملەرنى كۆرۈش. 3 ـ مۇھەببەت ۋە ئاشىقلىق چۈشەنچىسىنىڭ بۇرمىلىنىشى: شۇ جەھەتتىن ئىشقى ـ مۇھەببەت ئۆز ئىگىسىنى قارىغۇ قىلىۋېتىدۇ ۋە مەسىلىكىدىن يېشىلمەس قىلىپ قويىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئاشىقلار ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەت بولغان اللە نىڭ، اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ، ئاتا ـ ئانىنىڭ، مىسكىنلەرنىڭ، پاكلىقنىڭ، ئىپپەتنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى يوقاتقانلاردۇر. 4 ـ تەقلىدچىلىك: كىشى ئىشقى مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ھېكايە، پوۋېستلارنى ئوقۇغانسېرى، ئىشقى ـ مۇھەببەت تىلغا ئېلىنغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئاڭلىغانسېرى ئاشىقلىق تورىغا ئىلىنىپ قالىدۇ.

4. ئاشىقلىقنىڭ داۋاسى: 1 ـ اللە قا يېلىنىپ دۇئا قىلىش ۋە اللە ئۈچۈن ئىخلاس تەقۋا قىلىش. 2 ـ مەشۇقىدىن يىراق تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىق، ئىسمىنى تىلغا ئالماسلىق. 3 ـ توي قىلىش. مەشۇقىنىڭ غەيرى بىلەن بولسىمۇ توي قىلىش ئاشىقلىق كېسىلىگە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئەڭ ياخشى دورا. 4 ـ نامازغا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، اللە نى كۆپ زىكرى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾. [سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت]

5 ـ اللە نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشنى، قەبرىنىڭ زۇلمىتىنى، ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىنى كۆپرەك ئويلاش. 6 ـ ۋاقتىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، بىكارچىلىق خىيالغا، خىيال ئاشىقلىققا ئېلىپ بارىدۇ .



http://nurislam.cn

## ئون سەككىزىنچى ئاياللار ۋە شاد ـ خۇراملىق توغرىسىدا

**18** جاۋاب بار:

**1.** ئايالالر ئارىسىدا كېلىنچەك بىلەن يىگىتنى بىرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش جايىز ئەمەس. چۈنكى بۇ ھايانىڭ تارتىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى ۋە ھايا سىزلارغا تەقلىد قىلغانلىق. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**2.** توي كۈنى داپ چېلىشنىڭ شەرتلىرى. **1** ـ چېلىنىدىغىنى دۇمباق ئەمەس داپ بولۇش. **2** ـ شەھۋانىيلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ناخشا مۇزىكا قېتىلىپ قالماسلىق. **3** ـ پىتنە ئارىلىشىپ قالماسلىق، مەسىلەن:قىز ـ ئايالالرنىڭ ئاۋازى ئەرلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشىغا ئوخشاش. **4** ـ ھېچ بىر كىشىگە ئازار بەرمەسلىك، ئەگەر بىرەر كىشىگە ئازار يېتىدىغان ئىش بولسا دۇرۇس ئەمەس. مەسىلەن: ئاۋاز ياڭراتقۇ دېگەندەك يوقىرى ئاۋازلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ باشقىلارنىڭ دەم ئېلىش ياكى خىزمەت دېگەندەك باشقا ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزۈش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**3.** سازەندىلەرنى ئىجارە ئېلىش ۋە ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى. **1** ـ بىرلا قارىغان كىشى، ئۇلارنىڭ بىمەنە نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقانلىقنى ۋە ناتوغرا ئىشلارنىڭ ئەدەب كېتىۋاتقانلىقنى كۆرۈۋاالايدۇ. **2** ـ ئاۋاز ياڭراتقۇ، سۇناي، نەي ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋابلارنى ئىشلىتىپ غەربنىڭ ناخشا مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلىشىدۇ. **3** ـ ئۇلارغا نۇرغۇن ئىقتىسات چىقىم قىلىشىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**4.** ئەمما كېچە تەرەپلەردە توي شادلىقنى ئىپادىلەپ ئەرلەرگە



http://nurislam.cn

ئـاڭلانمىغۇدەك، باشـقىلارنىڭ دەم ئېلىشـىغا تەسـىر يەتكۈزمىگـۈدەك دەرىجىدە كۆڭۈل ئېچىشسا كېرەك يوق.

**5.** ئۈتكۈزگـەن پـائالىيەتلىرى ۋە خەجلىگـەن پـۇللىرى بىلـەن پەخىرلىنىش تۈيغۇسىدا بولۇش ۋە كېچىسى ئۇخلىماي ناماز بامداتنى قازا قىلىش ئىشلىرى كۆرۈلسە جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

**6.** توي كـۆينىكى كىيىشنىڭ شـەرتلىرى: تـوي كۈنـى ئايالىلارنىڭ ئاياللارغـا خـاس كۆينەكلـەرنى كىيىشـى تـۆۋەندىكى شـەرتلىرى بىلـەن دۇرۇس. **1** ـ پـۈتۈن بـەدەننى ياپـالايدىغان بولـۇش. **2** ـ ئەرلەرگـە ئوخشىۋالماسـلىق **3** ـ دىـن سىرتىدىكىلەرگـە خـاس بولغـان كۆينـەك بولماسلىق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**7.** تويدا ئۇزۇن كۆينەك كىيىشنىڭ ھۆكمى: ئاياللار ئوشۇقىدىن بىـر غېرىچ ئـۇزۇن كۆينـەك كىيىشـى كېـرەك، بـىراق ئۇنىڭدىـن ئېشىـپ كەتمەسـلىكى ۋە ئۇنىـڭ قـەدىمى ئېچىلىپ قالماسـلىقى لازىـم. [شـەيخ ئىبنى باز]

**8.** تــوي ئۈچــۈن ھــەددىدىن ئــارتۇق چىقىــم قىلىــش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ پۇل مالنى ئىسراپ قىلغانلىق. [شەيخ ئىبنى باز]

**9.** توي ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك ئارىيەت ئالسا كېرەك يوق.

زالـلاردا مۇراسـىم ئـۆتكۈزۈش ۋە ئۇنىـڭ بۇزۇقچىلىقـى. **1** ـ ئۇنـداق مۇراسـىملاردا ئېھتىيـاجدىن سـىرت ئىسراپـچىلىق كـۆپ بولىـدۇ. **2** ـ تولاراق ئەرلەر ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ قالىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**10.** تويى بولغان يىگىتنىڭ، تويغا كەلگەن يات ئاياللار ئالدىدىلا ئۆزىنىڭ تويلاشقان قىزنى قولتۇقلاپ مىڭىشى جايىز ئەمەس.

تـوي مۇراسـىمنى سـىنئالغۇغا ئـېلىش جـايىز ئەمـەس. ھـەمدە بـۇ ئىشقا ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا مۆمىن رازى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن



http://nurislam.cn

بۇزغۇنچىلىقلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

11. تويى بولغان يىگىتنىڭ فوتوگرافىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاياللار ئولتۇرغان خانىگە كىرىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

12. ئايال كىشىنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلار بولىدىغان توي مۇراسىملارغا بېرىشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

13. توي مۇراسىملاردا ئاياللار تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا ئۇسسۇل ئوينىسا كېرەك يوق. 1 ـ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ۋە كۆرىدىغانلار پەقەت ئاياللار بىلەنلا چەكلىنىش. 2 ـ يوقىرى ئاۋازدا ۋاراڭ چۇرۇڭ قىلماسلىق. 3 ـ تولۇق يۆگەلگەن بولۇشى، قوللىرىنى كۆتۈرگەندە بىلەكلىرى ئېچىلىپ قالماسلىق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

14. ئاياللارنىڭ ئەرلەر بار سورۇنلاردا يوقىرى ئاۋازدا گەپ سۆز قىلىش جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاۋازى بەزى بىر كۆڭلى سۇيۇق ئەرلەرنى ئازدۇرىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

15. مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ توي مۇراسىملىرىغا تۆۋەندىكى شەرت ئاستىدا بارسا بولىدۇ. 1 ـ ئېرىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش. 2 ـ مۇراسىمدا شەرىئەتكە خىلاپ بىرەر ئىش بولماسلىق. 3 ـ ئەگەر شەرىئەتكە خىلاپ بىرەر ئىش بولۇپ ئۇنى تۈزۈش قولىدىن كەلمىسە ئۇنداق سورۇنلارغا بارمىسا قېرىنداشلىرىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىمىغانلىقى گۇناھ بولمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

16. ناخشا ـ مۇزىكا قويۇپ ئاندىن ئايالالارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

17. ئايالالارنىڭ توي مۇناسىۋىتى بىلەن خاس خانىلاردا كىيىم ئالماشتۇرۇشى؛ ئايالالار ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەۋرەتلىرىنى تولۇق



http://nurislam.cn

يېپىشقا ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك يوشۇرۇن سۈرەتكە ئېلىش كۆپەيگەن دەۋردە تېخىمۇشۇنداق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**18.** تويدا چاچقۇ چېچىشنى كۆپلىگەن پەقىھى شۇناسلار يامان كۆرۈدۇ. ئەگەر ئىسراپچىلىقتىن، يېمەك ـ ئىچمەكنى بۇزۇپ چېچىشتىن خالىي بولسا الله خالىسا كىرەك يوق.



http://nurislam.cn

# ئون توققۇزۇنچى ئاياللار ۋە زىننەت توغرىسىدا

**70** جاۋاب بار:

**1.** زىننەت ـ گىرىم ـ قىلىش شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلاردىن بولماسلىق، مەسىلەن: يۈزىدىكى سىبىرىق تۈكلەرنى يۇلۇش، خال چېكىش ۋە چىش رەتلەش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**2.** گىرىم قىلىش، ھۆسۈن تۈزەشتە ئەرلەرگە ئوخشاش بولۇۋالماسلىق.

**3.** ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەرلەرگە ئوخشىۋالماسلىق.

**4.** ۋاقىتلىق بولۇش.

**5.** الله ياراتقان تەبىئىيلىكنى ئۆزگەرتمەسلىك.

**6.** تېرىگە ۋە چاچقا سۇنىڭ ئۆتىشىگە توسالغۇ بولماسلىق.

**7.** پۇل ـ مال ئىسراپ قىلماسلىق ۋە زايا قىلماسلىق.

**8.** كۆپ ۋاقىت سەرىپ قىلماسلىق.

**9.** كىبىرى (چوڭچىلىق)، پەخرى ۋە باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە قىلماسلىق.

**10.** ئۆز ئېرى ئۈچۈنلا قىلىش.

**11.** ئىرناقلارنى ئۆستۈرۈپلىشقا ئوخشاش پىترەت (دىنغا) كە زىت بولماسلىق.

**12.** گىرىم قىلدىم دەپ يېرىم يالىڭاچ بۇلۇۋالماسلىق.



http://nurislam.cn

13. يات ئەرلەرنىڭ كۆزىگە گىرىم بىلەن چىلىقماسلىق.

14. ئايالللارنىڭ پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ كوچا ـ كويلارغا، مەسجىدلەرگە چىقىشى توغرا ئەمەس.

15. ئايالالر ئەتتىر دېگەندەك خۇشپۇراق نەرسىلەرنى چېچىپ، ئۆيدىن چىقىپلا شەخسى ماشىنىسغا ئولتۇرۇپ يۈرۈشنى يات ئەرلەرگە پەقەت سەزدۈرمىسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

16. بەزى بىر ئاياللارزامىزاندا مەسجىدلەرگە ئەتتىر چېچىپ چىقىدۇ، ئېھتىمال كوچا ـ كويلاردا باشقىلارغا پۇرىتىپ يۈرسە كېرەك، بۇ ئەسلا جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

17. ئايالالر ئۆزئارا زىيارەت قىلىشقاندا،بىرەرسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ ئەرلەر بىلەن بىر يولدا مېڭىپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا ئەتتىرگە ئوخشاش خۇشپۇراق نەرسىلەرنى سوغاقلىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

18. ئايال كىشىگە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىش دۇرۇس. چۈنكى ئۆز ـ ئارا سوۋغا سالام قىلىشىش مېھرى ـ مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر سوۋغات بەرگۈچى، سوۋغات ئالغۇچى ئايالنىڭ ئۆزنى چېچىپ كوچا ـ كويلارغا چىقىشىنى بىلسە، خۇشپۇراق نەرسە سوۋغا قىلماسلىقى كېرەك. بولمىسا گۇناھقا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

19. ھازىرقى زامان گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا دۇرۇس. 1 ـ دىنسىز ئاياللارغا ئوخشاش بولۇۋالماسلىق. 2 ـ ئۇلارنى ئىشلەتكەندە بەدەنگە زىيان يەتكۈزمەسلىك. 3 ـ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك. 4 ـ تاھارەت ئالغاندا ياكى غۇسلە قىلغاندا تېرىنىڭ سۇ بىلەن ئۇچرىششىغا توسالغۇ بولماسلىق.



http://nurislam.cn

20. يۈزىگـــە ســـىلىقلاش مـــايلىرىنى ســـۈرتۈش، يۈزىـــنى گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە تىرىگە ئەكس تەسىر يەتكۈزمىسە كېرەك يوق.

21. ئەگەر تىرىگە ئەكس تەسىر يەتكۈزسە ياكى تىرىگە غەيرى نەرسىلەرنى پەيدا قىلسا ئۇنداقتا چەكلىنىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

22. تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر قىسىم گىرىم بۇيۇملىرىنى تەجرىبە قىلىپ چىقارغان يەكۈنى: 1 - يۈز مايلىرىنىڭ بەزىسى تىرىگە زىيانلىق. 2 - بەزى ئۈزۈقلۇق مەلھەملىرى ياشلار مۇھەببىتىنىڭ ئېشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ مۇھەببەت دەۋرىنى ئۇزۇقلاندۇرىدۇ. 3 - بەزى يۈز مەلھەملىرى قوغۇشۇن ماددىلىرىدىن ياسىلىدۇ. 4 - تىرە سىلىقلاش مايلىرىنىڭ ئەكس تەسىرى بار، چۈنكى ئۇ قوغۇشۇنغا ئوخشاش ئېغىر مەدەن بىرىكمىلىرىدىن ياسىلىدۇ. 5 - يۈزگە سۈرۈلگەن مايلارنى كېچىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاۋال سوغۇق گۈل سۈيى بىلەن ئاندىن كېيىن ئادەتتىكى سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىش لازىم.

23. سۈنئىي تىرناق سېلىش جايىز ئەمەس.

24. رەڭلىك قاپاق چىقىرىش جىسمىگە زىيانلىق، ئالدامچىلىق ۋە الله ياراتقان تەبىئىلىكنى ئۆزگەرتكەنلىك. [پەتىۋا كومىتېتى]

25. مۇسۇلمان ئايالالرنىڭ چىش ئارىلىقلىرىنى ئىككەكدەپ شالاڭلاشتىشى هارام. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

26. چىش رەتسىزلىكنى تۈزەشكە ياكى ئىگىز - پەسلىرىنى تەكشەشكە ئېھتىياجلىق بولسا كېرەك يوق. چۈنكى ئۇ داۋالاش تۈرىگە مەنسۇپ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

27. ئەسلىدىكى قاش كىرپىكلىرىنى يۇلدۇرۇۋېتىپ سۈنئىي قاش كىرپىك چەكتۈرۈش هارام. چۈنكى ئۇ الله ياراتقان خىلقەتنى

ئۆزگەرتكەنلىك.

28. قاش ـ كىرپىكنىڭ تۈكىنى يۇلۇش جايىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاش ـ كىرپىكلەرنىڭ تۈكىنى يۇلغانلارغا لەنەت ئېيتقان، ئۇ چوڭ گۇناھلاردىن.

29. ئاياللار ئۈنۈپ قالغان ساقال ـ بۇرۇت ياكى پۇت قوللىرىدىكى تۈكلىرىنى يۇلۇۋەتسە بولىدۇ.

30. كىرپىكنى ساغۇچ قىزىل رەڭدە بوياشنى (شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن) چەكلىدى، شەيخ ئىبنى مۇنىۋ چەكلىمىدى.

31. قېشى بەك قويۇق، كوپ بولغانلىقتىن كۆزنىڭ نورمال كۆرۈشىگە تەسىر يەتكۈزسە يۇلۇپ شالاڭلاشتۇرسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

32. ئايال كىشى ئۆز ئېرىگە گۈزەل بولۇش ئۈچۈن كىرپىكلىرىنى تەرسە بۇلامدۇ؟

ھەر قانداق ئەھۋالدا قېشىغا چېقىلسا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت قىلغان ئىش. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

33. تۈك ئۈچ قىسمغا بۆلىنىدۇ: 1ـ شەرىئەت ئېلىشنى ھارام قىلغان تۈك، ئەرلەرنىڭ ساقىلى ۋە قاش كىرپىكلىرىگە ئوخشاش. 2ـ شەرىئەت ئېلىشنى تەلەپ قىلغان تۈك، قولتۇق ۋە ئەۋرەت تۈكلىرىگە ئوخشاش. 3ـ شەرىئەت سۈكۈت قىلغان، ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا قويۇلغان تۈك، قول ـ پۇتنىڭ تۈكىگە ئوخشاش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

34. ئايالارنىڭ يۈزىگە ئۈنۈپ قالغان تۈك ئادەتتىكى تۈك بولسا ئۇنى يۇلۇش توغرا ئەمەس.



http://nurislam.cn

**35.** جىنسىي خاسلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ساقال بۇرۇتقا ئوخشاش تۈك بولسا ئۇنى ئېلىۋەتسە ھېچقىسى يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**36.** خال، مەڭ ۋە گۈل چىكىش اللە ئاتا قىلغان خىلقەتنى ئۆزگەرتكەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھارامدۇر.

**37.** كىچىكلىكىدە باشقىلار تەرىپىدىن چىكىلگەن مەڭ سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ، ئۇنىڭ گۇناھى چەككۈچىلەرگە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**38.** بەدەنگە چىكىلگەن خال، مەڭ ۋە گۈل قاتارلىقلارنى چىقىرىۋېتىش زۆرۈرمۇ؟

- ئەگەر بەدەنگە چوڭ زەرەر يېتىش ئېھتىمالى بولسا چىقىرىۋېتىش ۋاجىپ ئەمەس، تۆۋبە قىلسىلا كۇپايە.

**39.** ئەگەر خەۋپ ئېغىر بولمىسا، ئۇنى دەرھال يوقىتىش لازىم، كېچىكتۈرسە گۇناھكار بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**40.** ئايال كىشىنىڭ چېچىنى كېسىپ ئەرلەرنىڭ چېچى بىلەن ئوخشاش قىلىۋېلىشى ھارام. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**41.** سۈنئىي چاچ سېلىش ھارامدۇر، چۈنكى ھەدىستە: «چاچ ئۇلاپ قويغۇچىغا ۋە چاچ ئۇلاتقۇچىغا اللە لەنەت قىلسۇن» دېيىلگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**42.** بېشىدا پەقەت چاچ يوق ياكى بېشىدا بىرەر ئەيىبى بار ئايال سۈنئىي چاچ سالسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**43.** ئايال كىشى ئېرى رۇخسەت قىلغان ھالەتتىمۇ سۈنئىي چاچ سېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

44 ـ چېچىنى چۇقسىغا تۈرمەللىۋېلىش جايىز ئەمەس، بىراق كۈچا ـ كويلارغا چىقمايدىغان ئەھۋالدا گەدىنىگە تۈرمەللەپ قويسا كېرەك يوق، ئەمما بازار ـ رەستىلەرگە ئۈنداق چىقىشقا بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

45 ـ چاچنى يىغىپ بىر ئۆرۈم ياكى بىر قانچە ئۆرۈم قىلىپ ئارقىسىغا تاشلىۋالسابولامدۇ؟

ـ يات ئەرلەرگە كۆرۈنۈپ قالمىسا كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

46 ـ چاچنى بۇدرە قىلىش: دىنىمىز ئايالالارغا ئوخشاپ قالمىغان، يات ئەرلەرگە كورسەتمىگەن ئەھۋالدا دۇرۇس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

47 ـ چاچنى مەيلى ئۇزۇن مەزگىللىك بولسۇن ياكى قىسقا مۇددەتلىك بولسۇن بۇدرە قىلىش جايىز. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

48 ـ چاچنى قىزىل، سېرىق رەڭلەردە بۇياش جايىز، ئەمما قارا رەڭدە بۇياش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

49 ـ چاچنى ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا ياساش جايىز، بىراق دىنىمىز ئايالالارغا ئوخشاش بولۇشنى مەخسەت قىلماسلىق ۋە يوقۇرى خىراجەت سەرىپ قىلماسلىق لازىم. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

50 ـ چاچقا تۈرلۈك ھايۋانات ياكى چالغۇ ئەسۋاپلىرى شەكلىدە ياسالغان چاچ قىسقۇچلارنى ئىشلىتىش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

51 ـ چېچى يوق ئايالالار چاچ چىقىرىشقا تەدبىر قوللانسا جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

52 ـ ئايالالار چېچىنى چۇشۇرسە بولمايدۇ، بىراق بېشىدا بىرەر كېسەللىك بولسا داۋالاش ئۈچۈن چۇشۇرسە كېرەك يوق.

http://nurislam.cn

53 ـ چاچ ياساشقا كۆپ چىقىم قىلىش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

54 ـ ئىككى قاش ئارىسىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇش جايىز، چۈنكى ئۇ قاش ھېسابلانمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

55 ـ ئېگىز پاشنىلىق ئاياقلارنى كىيىش جايىز ئەمەس: چۈنكى1 ـ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ ئاياللارنى ئۆز تەبىئىتىدە كۆرسەتمەيدۇ. 2 ـ يىقىلىپ چۈشۈشكە سەۋەب بولىدۇ. 3 ـ تىببىي مۇتەخەسسىسلەر: ئېگىز پاشنىلىق ئاياق كەيگەندە بالا ياتقۇنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، ماڭغاندا بەدەننىڭ نورمال ھالىتىگە تەسىر كورسىتىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ پۇت مۇسكۇللىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. [پەتىۋاكومىتېتى]

56 ـ ئاياللار ئىسراپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن يىپەك كىيىملەرنى كەيسە، ئالتۇن جابدۇقلارنى تاقىسا دۇرۇس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

57 ـ ئاياللار ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى قايسىلا بارمىقىغا سالسا بولاۋېرىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

58 ـ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى يات ئەرلەرگە كۆرسىتىشى جايىز ئەمەس، ئۆيدىن چىققاندا زىننەت بۇيۇملىرىنى ئەرلەرنىڭ نەزىرىدىن يۈگشى لازىم. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

59 ـ ئاياللار بۇرنىغا ھالقا سېلىپ ئادەتلەنگەن بولسا جايىز. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

60 ـ ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا ياكى مەھرەملىرىنىڭ ئالدىدا خەلخال سېلىپ يۈرۈش جايىز. [شەيخ ئىبنى باز]

61 ـ تىرناقلىرىنى ئۆستۈرۈپلىش جايىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 كۈندىن ئاشۇرۇۋەتمەي تىرناقلارنى ئېلىپ،



http://nurislam.cn

بۇرۇتلىرىنى قىرقىپ، قۇلتۇقلارنىڭ تۈكىنى يۇلۇپ، ئەۋرەتلەرنىڭ تۈكتىن تازىلاپ تۇرۇشقا بۇيرىغان. تىرناقلارنى ئۇستۇرۇۋالغاندا هايۋانلارغا ياكى دىنسىزلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. [پەتىۋاكومىتېتى]

62 ـ هاجەتخانا ۋە مۇنچىلاردا تىرناق ئېلىش ياخشى ئەمەس، بىراق ئېلىپ قالسا گۇناھ بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

64. چاچ، تىرناق ۋە چۈشۈپ كەتكەن چىشلارنى دەپنە قىلىشنىڭ بىرەر شەرئى دەلىلىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز، خالىسا كۆمۈۋەتسۇن، خالىسا تاشلىۋەتسۇن. [پەتىۋا كومىتېتى]

65 ـ قولتۇق تۈكۈنى مەخسۇس تىغ بىلەن چۈشۈرۈش جايىز، بىراق يۇلۇۋېتىش ئەۋزەل. [پەتىۋا كومىتېتى]

66 ـ سۈرمە تارتقان ئايالنىڭ شۇ پېتى سىرتقا چىقىشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

67 ـ تۇخۇم، ھەسەل، سۇ قاتارلىقلاردىن مەلھەم ياساپ ئىشلەتسە جايىز، چۈنكى الله زېمىن ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقاندۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

68 ـ ئايالنىڭ قولىغا خىنە بىلەن گۈل چىكىپ ئادەتلەنگەن بولساچەكسە دۇرۇس. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرى ئۈچۈن زىننەتلىنىشى مۇستەھەپ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

69 ـ گىرىم قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرەر ھادىسە سەۋەبلىك ئەيىبناك بولۇپ قالغان بولسا، شۇ ئەيىپنى يۆگەش ئۈچۈن گىرىم قىلىش، بۇنىڭدا كېرەك يوق. ئۆز گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە گىرىم قىلىش، بۇنىسى ھارام. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

70 ـ چاچنىڭ بىرقىسمىنى قالدۇرۇپ، بىرقىسمىنى چۈشۈرۈش: دۇرۇس ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن توسقان.

بىزدە تولاراق باللارنىڭ چىچى شۇنداق ياساپ قويىلىدۇ، بۇنىسى توغرا ئەمەس. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم]

## يىگىرمىنچى ئايالار ۋە نىكاھ توغرىسىدا

**123** جاۋاب بار:

**1.** ئايال بىرەر كىيسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا ئۇنى تەلەپ قويغۇچىغا ئېيتامدۇ؟

ـ شۇ ئايالنىڭ ۋەلىلىرى (ئىگە بولغۇچىلىرى) ئالماقچى بولغان ئەرگە ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى، كىيسەللىك ئەھۋالىنى ئىنىق ئېيتىشى ۋاجىپ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئالدامچىلىق گۇناھى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**2.** ئايال ياتلىق بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكسە، شۇ ئويىنى ۋەلىلىرىگە ئۇقتۇرسا بۇلامدۇ؟

ـ ئۇقتۇرسا بولىدۇ. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇشۇنداق قىلغان ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قىزى ھەپسىنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاندىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن. [پەتىۋا كومىتېتى]

**3.** ئايال ئۆزىگە مۇۋاپىق دەپ ئويلىغان ياكى ئامانەتكە رىئايە قىلالايدۇ دەپ قارىغان كىشىگە ئۆزىنىڭ ياتلىق بولۇش ئويىنى بىلدۈرسە ياكى ۋەلىلىرى شۇنداق كىشىلەرگە قىزىمنى ئېلىڭ دىيسە كىرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**4.** ئەر توي قىلىشتىن بۇرۇن مىجەز خۇلقىنى ياخشىلاش ئۈمىدىنىڭ يوقلۇقىنى بىلسە، تويدىن بۇرۇن ئەمەلى ئەھۋالنى



http://nurislam.cn

ئۇقتۇرىشى لازىم، چۈنكى ئۇنىڭ دىگىنى ئەيىبىدۇر. [پەتۋاكومىتېتى]

5. ئايال كىشىنىڭ بالا ياتقۇسىدا بىرەر دەرىت بولسا، نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئەرگە ئۇقتۇرامدۇ؟

- ئۇ دەرىت ئاياللاردا پەيدا بولۇپ يوقاپ كېتىدىغان دەرىت بولسا ئۇقتۇرۇش كەتمەيدۇ، ئەگەر ئۇ رەسمى كېسەللىك بولسا، شۇ ئايالنىڭ ۋەلىسى، نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئەرگە ئىنىق ئېيتىشى لازىم. [پەتۋاكومىتېتى]

قىز كىچىكلىكىدە بىرەر ھادىسە سەۋەبلىك قىزلىق پەردىسىنى كەتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئېرىگە خەۋەر قىلامدۇ؟

- شەرىئەتتە يۇشۇرۇشنى چەكلەيدىغان بىرەر ھۆكۈم يوق، ئەگەر ئېرى بىر ياستۇقتا باش قويغاندىن كېيىن سوراپ قالسا بولغان ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش لازىم. [پەتۋا كومىتېتى]

6. ئەر نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ بېشىنى، يۈزىنى، ئالقىنىنى ۋە ئىككى قەدىمىنى كۆرسە كىرەك يوق، بىر بۆلۈك ئەھلى ئىلىملەر: چىرايى بىلەن ئىككى ئالقىنىنى كورسە كۇپايە دەيدۇ، توغرىسى باشتىكىسى، بىراق ئىككىسى يالغۇز بىر جايدا تۇرۇشقا بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

7. ئاتا بىلەن ئانا قىزنى كىمگە ياتلىق قىلىشتا كىلىشەلمىسە، يەنى ئاتا بىر ئەرنى لايىق دەپ قارىسا، ئانا باشقا بىر ئەرنى لايىق دەپ قارىسا، ئاخىرقى يەكۈن قىزنىڭ چىقىرىشىغا تاپشۇرىلىدۇ، چۈنكى تۇرمۇشقا چىقىدىغىنى يەنىلا شۇ قىز.

8. بىراق قىزنىڭ تاللىغىنى دىن- دىيانەتتە، ئەدەپ- ئەخلاقتا تەلەپكە لايىق بولمىسا، ئۇنداقتا قىزنىڭ قارشى ئىتبارغا ئېلىنمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

**9.** تـوي قىلماقچى بولغـان ئـەر ـ ئايـالنىڭ، يېشـى مۇۋاپـىق بولۇش، ئايال كىشىمۇ ياتلىق بولماقچى بولغان ئەرنى كۆرۈشى لازىم، ئەر سالىھ ۋە مۇۋاپىق كىشى بولسا، گەرچە ئۇنىڭ يېشى چوڭ بولسىمۇ ئايالغا لايىق كېلىدۇ، ئايالمۇ شۇنداق، ئۇمۇمەن ياش چەكلىمىسى ئۇززە بولالمايدۇ، ئـەر سالىھ كىشى بولسا ياكى ئايال سالىھە ئايال بولسا ياشنىڭ چوڭلىقى ئەيىب بولالمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**10.** تويدىـن بۇرۇن تىببىي تەكشۈرۈشنىڭ ھاجىتى يـوق: ئـەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسى الله قا قارتا ياخشى ئويدا بولۇپ توي ئىشىنى قىلىۋېرىشى لازىم، چۈنكى تەكشۈرۈش ناتوغرا نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، اللە بىزنى ۋە سىزلەرنى بارچە يامانلىقلاردىن ئامان قىلغاي. [شەيخ ئىبنى باز]

**11.** مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئەرگە ياتلىق بولۇشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇلارنىڭ نىكاھى باتىل، دېمەك ئۇ نىكاھ، نىكاھ ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

**12.** بىرەر شەرئى ئۆزرە تېپىلسا تويىنى بىكار قىلىۋەتسە بۇلامدۇ؟

ـ تـوي قىلىش ئـەۋرەتنى، كـۆزنى ھـارامدىن ساقلاشـقا ۋە ئەۋلاتلارنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالالارنىڭ ياتلىق بولۇشى يوللۇق ئىشتۇر. تۇل ئولتۇرۇشنىڭ خەتىرى چوڭ ۋە سۈننەتكە خىلاپ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق لايىق تېپىلسا تويىنى كەينىگە تارتىش ياخشى ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ باشقىلارغا ئېيتىشنى خالىمايدىغان ـ ھېسياتسىز ياكى توي قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان بىرەر ئەيىپكە ئوخشاش ـ ئۆزرىسى بولسا ئۇنداقتا توي قىلمىسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**13.** ئايال كىشى چوقۇم توي قىلىشى كېرەكمۇ؟

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىدىن سوراپ

كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە بىر كىشى: «مەن ئاياللاردىن ئۆزۈمنى تارتىمەن، مەڭگۈ توي قىلمايمەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەددىيە بېرىپ: «كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە ئۇ كىشى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

بۇ قىسسىدىن يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ قىلمىشىدىن بولغان ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن، ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، توي قىلماي دۇنيادىن ئۆتۈشى چەكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**14.** قىز- ئاياللارنىڭ گېزىت- ژۇرناللاردا ئۆزىنىڭ ياتلىق بولۇشى توغرۇلۇق ئېلان بېرىشى ۋە ئۆزىنىڭ سۈپەت- تەسۋىرىنى بېرىشى بىر تۈرلۈك ھاياسىزلىق بولۇپ مۇسۇلمان قىز- ئاياللىرىغا ياراشمايدىغان ۋاستىدۇر، ئۇنى تەرك ئېتىشى لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز يىگىتنىڭ پاراڭلىشىشى: ئۇ پاراڭ توي ئىشىغا پايدىلىق پاراڭ بولسا دۇرۇس، شۇنداقتىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى سوزلەشكىنى ياخشى. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**15.** تويدىن بۇرۇنقى ئالاقە: نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن گەرچە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمىگەن بولسىمۇ ئارىدا بېرىپ كېلىشىشكە كېرەك يوق، نىكاھ بىلەن ئەر- خوتۇن بولغان بولىدۇ.

**16.** بىراق تېخى نىكاھ ئوقۇلمىغان، پۈتۈشۈش دەملىرىدە بولسا ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا ھارامدۇر، يات بىر ئەرنىڭ يات بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىشى ۋە باردى كەلدى قىلىشى توغرا ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**17.** لايىقى بىلەن خىلۋەت جايلاردا بىرگە تۇرۇش: ئايال كىشىنىڭ نىكاھتىن بۇرۇن لايىقى بىلەن مەھرەمسىز چىقىپ كېتىشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

18. قىز تەرەپ ئوغۇلنىڭ ئەھۋالىنى سورىسا، ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىش لازىم، سورىغۇچىغا يالغان ئېيتىش دۇرۇس ئەمەس.

19. ئەر بىرەر ئايالغا قان تەقدىم قىلىش بىلەن ئۇ ئايالنىڭ مەھرىمى بولۇپ قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا توي قىلىشى جايىز.

20. بىرەر كىشى توي تەلىۋى قويسا، ئايال: ۋەلىلىرىم رازى بولسا مەنمۇ قوشۇلىمەن، دېسە توغرا بولىدۇ.

21. مەخپىي نىكاھلىنىش: ئىسلامدىكى نىكاھ ئېلان قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئۇنى مەخپىي قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇنى ئاشكارە قىلىشنىڭ ھېكمىتى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. نىكاھنى ئاشكارە قىلىش بىلەن زىنا پەرقى ئايدىڭلىشىدۇ، زىنا مەخپىي قىلىنىدۇ. نىكاھنى ھازىر بولغانلارنىڭ ئېلان قىلىشى كۇپايە. [پەتىۋا كومىتېتى]

22. بىرەر ئايالنى ئاكا ـ ئىنىسى ئاتىسىنىڭ ئىزنىسىز ياتلىق قىلسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل. ئەگەر نىكاھنى دۇرۇس نىكاھ قىلماقچى بولسا، شۇ ئايالنىڭ ئاتىسى يېڭىدىن نىكاھلىسا (نىكاھقا رازىلىق بىلدۈرسە) ياكى بىرەر سىنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلسا بولىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم]

23. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال قايتا ياتلىق بولمىسا دۇرۇس بۇلامدۇ؟

- دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ياتلىق بولماسلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغىلا خاس ئىشتۇر. باشقا ئايالالرنىڭ تويقىلىشتىن باش تارتىشى توغرا ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

24. قىز ـ ئايالالرنىڭ لايىقى ئالدىدا ئۆزىنى ياساپ يۈرىشى جايىز ئەمەس. چۈنكى گىرىم ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن ئۆزىنى



http://nurislam.cn

گۈزەل كۆرسەتسە ئەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىلەن كىيىمنى كىيگەندىن كېيىن گىرىمدىن ۋە ھىلىقى كىيىملەردىن ئايرىلىپ قالغاندا ئەر تەرەپ ئۆزىنى ئالدانغاندەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

25. تويلۇق ئايالنىڭ ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭسىز نىكاھ دۇرۇس نىكاھ بولمايدۇ. ئەمما ئايال تويلۇقتىن ۋاز كەچسە دۇرۇس. ئەرنىڭ ئايالغا بەرگەن تويلۇق مالدىن بىرەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

26. تويلۇقنى كېيىنگە قالدۇرۇش: ۋاقتى ۋە تويلۇق مالنىڭ مىقدارى ئېنىق بېكىتىلسە جايىز، كېيىن شۇ ۋاقىت توشقاندا ئايالنىڭ قولىغا تەككۈزىلىدۇ.

27. ئەگەر ۋاقىت توختۇتۇلمىغان بولسا، تالاق بىلەن ياكى ئۆلۈم بىلەن نىكاھ ئايرىلغاندا قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

28. ئايال كىشى ۋاقتى بېكىتىپ قويۇلغان ئەمما قولىغا تېخى تەگمىگەن تويلۇق مېلىغا (ئېرى باي بولسا) زاكات بېرىشى ۋاجىپ، ئەگەر نامرات بولسا ۋاجىپ ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

29. ئايال كىشى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشكەن تويلۇق مېلىدىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋازكەچسە (يەنى ئالمىسا) جايىز. ئەگەر ئايال شۇنىڭغا مەجبۇرلانسا ياكى تالاق بىلەن تەھدىد سېلىش ئارقىلىق ۋاز كەچتۈرسە، ئۇنىڭلىق بىلەن ئەرنىڭ زىممىسىدىن ئايالنىڭ ھەققى بولغان تويلۇق ساقىت بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

30. ئايال تويلۇق مېلىنىڭ ئورنىغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىپ قويۇشقا كېلىشسە (ئەر نامرات بولغان ئەھۋالدا) جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

31. قۇرئان كەرىمنى تويلۇق سۈپىتىدە تەقدىم ئېتىش جايىز.



http://nurislam.cn

چۈنكى ئالىملارنىڭ ئەڭ توغرا پىكرىگە ئاساسلانغاندا قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ ـ سېتىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

32. ئايال تويلۇق مىلىنىڭ بەدىلىگە ئۆمرە ھەج قىلدۇرۇشنى شەرت قىلسا جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

33. ئاتا ئۆز قىزىنىڭ تويلۇق مىلىنى ئېلىپ ئىشلەتسە جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

35 ـ ئايال تويلۇق مىلىغا نىكاھدىن كېيىن ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ. جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن ياكى ئەر ـ ئايال ئىككىسى خىلۋەتتە بولغاندىن كېيىن تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

36 ـ خىلۋەتتە بىرگە بولۇشتىن ياكى جىنسىي ئالاقىدىن بۇرۇن تالاق قىلىنسا ئېلىشقا تېگىشلىك تويلۇقنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. بىراق قايسى تەرەپ ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققىنى ئىككىنجى تەرەپكە ئۆتۈنۈپ بەرسە جايىز. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

37 ـ نىكاھ سەۋەبلىك قىزنىڭ ئاتىسى ياكى قېرىنداشلىرىغا ئېلىنغان ھەرقانداق بىرنەرسە تويلۇق مىلىغا ھېساب بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

38 ـ ئايالنىڭ تويلىقى بىكىتىلمەي تۇرۇپ ئوقۇلغان نىكاھ دۇرۇس، تويلۇق ئايالنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىستىن باشقا قىزلارنىڭ تويلۇقىغا ئوخشاش قىلىپ بېكىتىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

39 ـ نىكاھ پەلىسىزمۇ دۇرۇس بولامدۇ؟

ـ ئايالنىڭ پەلىسىز نىكاھ لىنىشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن ئىبارەت جومھۇر ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ بىدەك پىكرى. ئۇلار بۇ پىكرىگە الله تەئالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئايالالارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى



http://nurislam.cn

چۆرىلىرىگىلارنىڭ بېشىنى ئوگىلاپ قويۇڭلار». [سۈرە نۇر 32 ـ ئايەت]

﴿ئۆلارنى ئۆلارنىڭ ئەھلىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ئاندىن نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار﴾. [سۈرە نىسا 25 ـ ئايەت]

ھەدىس شەرىپتىن: «قايسى بىر ئايال ئۆزىنى ۋە لىسىنىڭ رۇخسىتىسىز نىكاھلىسا ئۇنىڭ نىكاھى باتىل، باتىل، باتىل». [بەش ھەدىس توپلاملىرىدا رىۋايەت قىلىنغان]، [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

40 ـ ئايال جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنسا، ئېرىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قاراپ نەپىقە ئالىدۇ.

41 ـ چوكان ئىزنىسىز نىكاھ لانسا بۇلامدۇ؟

ـ ئايالنىڭ ئاتىسىنىڭ رۇخسىتىسىز نىكاھلىنىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ۋەلى بولغۇچى ئۇنىڭغا قارىغاندا تەتبىرلىكراق. شۇنداقتىمۇ ئاتىنىڭ قىزىنى ياخشى مۆمىن ـ مۇسۇلمانغا ياتلىق بولۇشتىن چەكلىشى توغرا ئەمەس. [شەيخ سالىھ ئىبنى فەۋزان]

42 ـ مۇباادا ئايالغا ۋەلى بولغىدەك ئادەم بولمىسا: شۈيۈرتىنىڭ ئاقساقلى ۋەلى بولىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

44. ئايالغا نىكاھتا تاغىسى ۋەلى بولسا بولامدۇ؟

ـ جومھۇر ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ قارشىدا نىكاھتا تاغىسى ۋەلى بولالمايدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

ئايرىلىش، ئايالنىڭ تەلۇقىگە ئاساسەن جىنسىي ئالاقىدىن بۇرۇن بولسا، ئايالغا ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ.

45. ئەڭ بەرىكەتلىك توي، چىقىمى ئاز بولغان توي: توي مۇراسىملىرىدا چىقىمنى ئاشۇرۇۋېتىش شەرىئەتكە خىلاپ. تويىنىڭ



http://nurislam.cn

چىقمى قانچىكى ئاز بولسا شۇنچە بەرىكەتلىك، شۇنچە خەيرلىك بولىدۇ. توي چىقىمىنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە تولاراق ئايالالار سەۋەبچى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**46**. ھېيز ھالىتىدە نىكاھ قىلىش جايىز. لېكىن پاك بولغۇچە جىنسىي ئالاقە قىلىشقا ۋە تالاق قىلىشقا بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

## ئەر ـ ئايالالارنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى

**1**. ئەرنىڭ ھوقۇقلىرى:

**47** ـ ئايال ئېرىنىڭ يوللۇق بولغان ئەمرىگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىتائەت قىلىش.

**48** ـ ئېرىنىڭ يۈز ـ ئابروينى، مال ـ مۈلكىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى قوغداش، ئائىلىسىگە كۆيۈنۈش.

**49** ـ تۆشەككە چاقىرسا باش تارتماسلىق.

**50** ـ ئىجازەتسىز ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەسلىك.

**51** ـ ئائىلىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى قىلىش. ئايال ئۆز ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتۈش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئېرىنىڭ يامانلىقىغا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش ۋە ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنى ئاشۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك. [پەتىۋا كومىتېتى]

**52** ـ ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ شەرئىي ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش: ئايال ھەر ۋاقىت ئۆزىگە زەرەر يەتمىسىلا ياكى پەرز، ۋاجىپلارغا



http://nurislam.cn

توسالغۇ بولمىسىلا ئېرىنىڭ تەلۋىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇش ۋاجىپ. شۇنىڭدەك ئەرنىڭمۇ ئۆز ئايالىنى ئۇزۇن مەزگىل جىنسىي ئالاقىسىز تاشلاپ قويۇشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەر ئۆز ئايالىنى تۆشەكگە چاقىرسا يۇ ـ ئۇ ئايال باش تارتسا، ئېرى ئۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ھالدا يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقۇچە نالەت ئېيتىدۇ». [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

53 ـ ئايالنىڭ مەقئەتكە جىنسىي ئالاقە قىلىش شەرئىي جەھەتتىن دۇرۇس ئەمەس. ئۇنداق ئەر اللە قا تەۋبە قىلىشى، گۇناھىغا ئىستىغفار ئېيتىشى ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىشى لازىم.

54 ـ بۇ قىلمىش بىلەن ئايال ئۆز ئېرىدىن تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.

55 ـ ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئەڭ توغرا سۆزىگە ئاساسلانغاندا ئۇنداق قىلمىشقا كاپپارەت يوق.

56 ـ ئايال بۇنداق مۇنكەر (خاتا) ئىشتا ئېرىگە بويسۇنماسلىق كېرەك.

57 ـ ئەر مەقئەتكە چېقىلىشنى توختاتمىسا ئايال ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

59 ـ ئايال ئۆز ئېرىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى كۆرۈشى ۋە ئەرنىڭمۇ ئۆز ئايالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى كۆرۈشى جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

60 ـ ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋاجىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايال ساھابىلىرى ئەرلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما زۇبەيرە ئىبنى ئەۋۋامنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىنى، پاتىمە تۇز زەھرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىنى، يەنى



http://nurislam.cn

تامىقىنى ئېتىپ كىرقاتىلىرىنى يۇيىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. [پەتۋا كومىتېتى]

61 ـ ئايال ئۆز ئېرىدىن بىرىشكە قۇربى يەتمەيدىغان نەپىقە تەلەپ قىلىش جايىز ئەمەس ۋە بېرىشكە قۇربى يەتكەن تەقدىردىمۇ ئادەتتە بېرىلىپ كېلىۋاتقىنىدىن ئارتۇقنى ھالالمۇ ئەمەس. چۈنكى الله تائالا: ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار﴾ دېگەن. [سۈرە نىسا 19 ـ ئايەت] [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

62 ـ ئېرىم ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى دەپ ئېرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىدىن باش تارتىشى جايىز ئەمەس. ئەكسىچە سەۋر قىلىش ۋە ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش لازىم. [پەتۋا كومىتېتى]

63 ـ ئايال ئۆز ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېرىنىڭ ئىجازىتىسىز ئېلىش جايىز ئەمەس. چۈنكى الله تائالا بەندىلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىشقا يول قويمىدى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

63 ـ ئەمما ئادەتتە ئېرى بېرىپ كېلىۋاتقان نەرسىنى ئېلىپ بۇزۇپ چاچماي، ئۇنىڭدىن كۆپىمۇ ئالماي ئۆزى ۋە باللىرى ئۈچۈن خىراجەت قىلسا جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

64 ـ ئەر، ئايالى رازى بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئايالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالسا ۋە ئۆز مۈلكىگە قوشۇۋالسا بولامدۇ؟

ـ ئايالى رازى بولسا جايىز ۋە ھالال. بىراق ئەرنىڭ ئايالىنى شۇنىڭغا مەجبۇرلىشى ياكى رازىلىق بەرمىسە ناچار مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەس. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

65 ـ ئايال ئۆز مال ـ مۈلكىگە ئۆزى ئىگە بولۇشقا، خالىغانچە تەسەررۇپ (ئىشلىتىشكە) قىلىشقا، سەدىقە، خەيرى ـ ئېھسان



http://nurislam.cn

قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئايال پايدا زىياننى دەڭسەپ كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىلا ئېرىنىڭ چات كېرىۋېلىشى توغرا ئەمەس. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

66 ـ ئايال تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك ئېرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا گۇناھ بولامدۇ؟

ـ ئايال ئېرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇش ۋاجىپ. ئەگەر ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى بولماي ئېرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش مۇمكىن بولمىسا ئەرنىڭ ئايالدىن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىشى جايىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىيان سېلىش ۋە زىيانلىنىش يوق» دېگەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

67 ـ ئەر: ئايالىنى ئانا ياكى ھەدە سىڭلىم دەپ ئاتاش. ئايالمۇ: ئېرىنى ئاتا ياكى ئاكا، ئىنىم دەپ ئاتاش جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

69. ئايال ئېرى ئۆيدە يوق چاغلاردا يات ئەرلەرنى ئۆيگە كىرگۈزۈشى، مەيلى ئۇ ئېرىنىڭ يېقىن دوستلىرى بولسۇن، مەيلى قالتىس ئىشەنچلىك كىشىلەر بولسۇن ئەسلا جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ئايالنىڭ يات ئەر بىلەن خىلۋەتتە بولغىنىدۇر. شۇنىڭدەك ئەرنىڭ، ئۆز ئايالىدىن ئۆز يېقىنلىرىنى ئۆيگە كىرگۈزۈشىنى تەلەپ قىلىشى ھارام. چۈنكى شەيتان ئايال بىلەن ئۆيگە باشلاپ كىرگەن ئەر ئارىسىدا ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ چاتاق چىقىرىشىنىڭ ئېھتىمالى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئايالالارنىڭ قېشىغا كىرىشتىن ساقىنىڭلار» ساھابىلەر: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كىرگەن ئادەم ئەرنىڭ يېقىنلىرى بولسىچۇ؟ دېگەندە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يېقىنلار ئۆلۈمدۇر» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان] [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]



http://nurislam.cn

70ئايال ئەھلى جەننەتى بولۇپ ئېرى ئەھلى جەننەتى بولالمىسا، ئايالغا جەننەتتە باشقا ئەرلەر ئالماشتۇرۇلۇپ بېرىلەمدۇ؟

ـ ئاخىرەتتىكى ساۋاپنىڭ ئەر ۋە ئايالغا ئورتاق بولۇشىدا شەك يوق. بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿ئەر ئاياللاردىن مۆئمىن تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ﴾ دېگەن. [سۈرە نىسا 124 ـ ئايەت]

ئايال ھاياتىدا بىر قانچە ئەر بىلەن توي قىلىپ يەنە شۇلار بىلەن جەننەتكە كىرسە شۇ ئەرلەردىن ئەخلاقى ئەڭ ياخشىسىنى تالللۇۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

71 ـ ئەر، بىرەر قىز بىلەن توي قىلىپ ئۇنىڭ قىز ئەمەسلىكىنى بىلسە قانداق قىلىدۇ؟

ـ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ: بەزى قىزلارنىڭ قىزلىقى زىنا قىلمايمۇ كېتىپ قالىدۇ، بەزى قىزلارنىڭ قىزلىقى ھەيزنىڭ قاتتىقلىقىدىن كېتىپ قالىدۇ، بەزى قىزلارنىڭ بىرەر جايدىن سەكرىشى بىلەنمۇ كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئايالى دۇرۇس بولسىلا ناتوغرا گۇمان قىلماسلىق لازىم. ئەگەر پاھىشە سەۋەبلىك قىزلىقى كېتىپ قالغاندىمۇ ئايال تۆۋبە قىلسا، ئۆزىنى ياخشىلىسا ھېچقىسى يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

72 ـ ئەر، ئايالدىن ئۇزۇن مەزگىل ئايرىلىپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟

ـ ئايال ئېرىنىڭ تۆت ـ بەش ئاي، بىر ـ ئىككى يىل ئايرىلىشىغا رازى بولسا كېرەك يوق. ئەر دېگەن تىجارەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئايالدىن بىرەر مەزگىل ئايرىلىپمۇ قالىدۇ. بۇنىڭغا ئايال رازى بولسا كېرەك يوق. ئەگەر رازى بولمىسا بۇ ئەر ئۈچۈن (شۇ ئىشنى قىلىش) ھالال ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

73 ـ ئايال: ئۆز ئېرىنى ئاكام ياكى دادام دېيىش بىلەن بىرىگە هارام بولۇپ قالمايدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى زىھارنىڭ ھۆكمىدە ئەمەس بەلكى قەسەمنىڭ ھۆكمىدىدۇر. بۇنداق دېگەن ئايال قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىش لازىم. قەسەمنىڭ كەففارىتى 10 مىسكىنگە تاماق بېرىشتۇر. ھەربىر مىسكىنگە شۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرچە يېمەكلىكىدىن بىر كىلو 20 گىرام بېرىلىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

74 ـ زىھار قىلىش ئاياڭدىن ئەرگە ئەمەس، ئەردىن ئايالغا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

75 ـ ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى جىنسىي ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاشكارىلاش جايىز ئەمەس. [شەيخ مۇھەممەت ئىبنى ئىبراھىم]

76 ـ جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا، ئەر- خوتۇن ھەر ئىككىلىسىگە مۇستەھەپتۇر: «اللەنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئى الله بىزنى ۋە بىرگە بەرگەن پەرزەنتىمىزنى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن». [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

77 ـ رامىزان ئېيىدا توي قىلىش مەكرۇھ ئەمەس، چۈنكى ئۇنى مەكرۇھ دەيدىغانغا بىرەر ئاساس يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

78 ـ شەرىن ئاي ئۆتكۈزۈش جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە تەقلىد قىلغانلىقتۇر. كۆپ ئىقتىساد، كۆپ ۋاقىت سەرىپ بولىدىغان بىھۇدە ئىشتۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

79 ـ قېيىن ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋاجىپمۇ؟

ـ ۋاجىپ ئەمەس، بىراق كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەملىشىش، ئېرىنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلغانلىق ۋە ئېرىنىڭ ياخشىلىق قىلىشى ۋاجىپ بولغان كىشىگە غەمخورلۇق قىلغانلىق. [پەتىۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

**80** ـ نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، توي زىياپىتى بېرىپ ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى جىنسىي ئالاقە قىلىش شەرئى جەھەتتە دۇرۇس، ئەمما ئۇ بىرەر يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولسا، جەمئىيەتتە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلسا چەكلىنىشى لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

**81** ـ ئايال ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدىن چىقىم قىلىپ نەرسە كېرەك سېتىۋالسا ئېرىنىڭ چەكلەش ھوقۇقى بارمۇ؟

ـ ئۇنداق ھوقۇقى يوق، بىراق ئايال ئىسراپ قىلسا ياكى ھارام نەرسىلەرنى سېتىۋالسا چەكلەش ھوقۇقى بار. [پەتىۋا كومىتېتى]

**82** ـ ئايالنى تەربىيە قىلىش مەقسىتى بىلەن تاشلاپ قويۇش: ئايالى ئۆزىنى بىلمىسە، ئېرىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلمىسا، نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ياخشىلانغانغا قەدەر (بىرگەبولماي، سۆزقىلماي) تاشلاپ قويۇش جايىز، بىراق ھېچ بىر سەۋەبسىزلا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**83** ـ ئويدىن ئېرىنىڭ ئىجازىتىسىز چىقىپ كېتىشى جايىز ئەمەس. شەرئى جەھەتتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولسا باشقا گەپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**84** ـ ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنى ئالدىشى: ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ۋە ئېرىنى ئالدىشى ھارامدۇر. مەيلى ئالدانغۇچى يېقىنلىرىدىن بولسۇن، مەيلى باشقىلاردىن بولسۇن ئوخشاشلا توغرا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېرىنى ئالدىغان ئايال، ياكى خوجايىنىنى ئالدىغان قۇل بىز (مۇسۇلمانلار) دىن ئەمەس». [ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان]

**85** ـ ئەر ئۆز ئائىلىسىدە بولماي قېلىپ ئايالىنىڭ نەفقىسىنى بىرەلمىسە ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرەلمەي قالغان نەفقىسىنى بېرىشى لازىم.



http://nurislam.cn

**88** ـ ئايال ئېرىنىڭ ئىجازىتىسىز سەپەر قىلسا ياكى ئېرى بىلەن بىرگە سەپەر قىلمىسا ياكى ئېرىنىڭ تەلۋىگە قۇشۇلمىسا، ئەر شۇ ئايالغا نەفقە بەرمەيدۇ ۋە ئۆزىنى تەقسىملىمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**89** ـ نىكاھدا تويلۇق بولۇشى شەرت، تويلۇق نەخ بولمىغاندا مىقدارى بېكىتىلىشى شەرت، ئۇنداق بولمىسا باشقا ئاياللارنىڭ تويلۇقىغا ئوخشاش تويلۇق ئېلىپ بېرىشى ۋاجىپ.

**90** ـ ئايال كىشىنىڭ ۋەلىسىز ياتلىق بولۇشى جايىز ئەمەس، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «نىكاھ ۋەلىسىز دۇرۇس بولمايدۇ» دېگەن، ۋەلىسى يوق ئاياللارغا ئىمام ۋەلى بولىدۇ.

**91** ـ نىكاھتا، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان، ئادىل ئىككى گۇۋاھچى شەرت، گۇۋاھچىسىز نىكاھ دۇرۇس ئەمەس.

**92** ـ توي قىلماقچى بولغان قىز، يىگىت بىر ـ بىرىگە رازى بولۇش لازىم.

**93** ـ ئەر ساق، ھايات چېغىدا ئايالىغا ئۆزى خالىغانچە سوغا ـ سالام بەرسە جايىز، ئۇنداق قىلمىسا، ئەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سوغا ـ سالام دەپ بىر نەرسە بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلىش باشقا ۋارىسلارنىڭ ھەققىگە زەرەر يەتكۈزىدۇ.

**94** ـ شۇنىڭدەك ئايالمۇ ئۇز ئېرىگە خالىغانچە سوۋغا ـ سالام بەرسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**95** ـ ئەر ـ خوتۇنلۇق ئىشلىرىنى سۆرەتكە ئېلىش شەرىتسىز هارام. ئۇنداق ئىشنى نە ئەقىل نە شەرىئەت قوبۇل قىلمايدۇ، مۇسۇلمان ئەر ـ خوتۇنلار مۇنداق ئىشتىن ساقلانماقلىقى لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

**96** ـ ئەر، ئۆز ئايالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ھوزۇرلانسا بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

97 ـ ئەر ئۆز ئايالىنى كەينى تەرەپتىن ( مەقەتكە چىقىلماي ) جىما قىلسا جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

98 ـ ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىگە ۋاقىراپ گەپ سۆز قىلىشى ۋە باشقىلارغىمۇ يوقۇرى ئاۋازدا گەپ قىلىشى جايىز ئەمەس.

99 ـ ئايالنىڭ نەفىقىسى قاچان ئەرنىڭ زىممىسىدىن ساقىت بولىدۇ؟

ـ ئەرنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىسا، ئەر ئايالدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئايالنىڭ نەفىقىسى ساقىت بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

100 ـ ئايال ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي چىقىپ كەتسە، ئەرنىڭ زىممىسىدىن ئايالنىڭ نەفىقىسى ساقىت بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

101 ـ ئايال مەيلى ھامىلدار بولسۇن، مەيلى ھامىلدار بولمىسۇن ئېرىدىن تۇل قالسىلا (يەنى، ئېرى ئۆلۈپ كەتسىلا ) مال ـ مۈلۈك ۋارىسلارغا تىگىل بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

102 ـ ئەر ـ خۇتۇنلار ئارىسىنى سېھىر بىلەن تۇزەش ھارام، مەيلى ئۇ قايسى نام بىلەن ئاتالسۇن چۇقۇمكى ئۇ كۇفرى ياكى شېرىك بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

103 ـ ئەر ـ خوتۇنلارنى بىر ـ بىرىگە ئىجىل ـ ئىناق قىلىش ئۈچۈن ياكى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېھىردۇر. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

104 ـ ئەرنىڭ ئۆز ئايالىنى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن چەكلىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

http://nurislam.cn

**105** ـ سەۋەبسىز ئەزلى قىلىش (يەنى مەنىنى سىرىتقا تۆكۈش) تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن جايىز: ھۆر ئايالنىڭ ئىجازىتى بولۇش، چۈنكى ئۇنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ھەققى بار. ئايالنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ئەزلى قىلغاندا جىنسىي ئالاقىدىن ئالىدىغان ھۇزۇرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**106** ـ ئەر ئۆز ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلغاندىن كېيىن يول ئېچىش مەقسىتىدە باشقا بىرئەرگە نىكاھ ئوقۇتۇپ قويۇپ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن قايتۇرۇپ كەلسە بولامدۇ؟

ـ بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ھارام. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەھلىل قىلغۇچىغا ۋە تەھلىل قىلدۇرغۇچىغا الله لەنەت قىلسۇن» دېگەن. قۇر ئان كەرىمدىكى «باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولمىغۇچە، ئالدىنقى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ» دېگەن ئەھكام، يوللۇق نىكاھلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

## بىرگە بولۇشنىڭ ئەدەپلىرى بار

**107** ـ بىرگە بولغاندا ئايالغا يېقىشلىق، گۈزەل سۆزلەربىلەن يېقىنچىلىق قىلىش.

**108** ـ قولىنى ئايالنىڭ بېشىغا قويۇپ تۇرۇپ: «الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى الله مەن سەندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈمگە تۈرتكە بولغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ ئۇنىڭ شەررىدىن ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈمگە تۈرتكە بولغان نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېيىش.

http://nurislam.cn

109 ـ ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسىگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەپ، بۇ سەلەپلەردىن قالغان ئىش.

110 ـ مۇناسىۋەت قىلىش ئالدىدا: «اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى اللە بىزنى ۋە بىزگە ئاتا قىلغان پەرزەنتىمىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن» دېيىش.

112 ـ مەقەتكە چېقىلماسلىق، ئۇنداق قىلمىش شەرئى جەھەتتە ھارام.

113 ـ ئىككى قېتىملىق ئالاقىنىڭ ئارىسىدا تاھارەت ئېلىۋېتىش، غۇسلە قىلىش ئەۋزەل.

114 ـ جىنسىي ئالاقىدىن مەقسەت: ئۆز ئىپپىتىنى ساقلاش ۋە اللە ھارام قىلغان ئىشقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتىش، شۇنىڭدەك بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بولماقلىغى كېرەك.

115 ـ جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىۋېتىش، پاك ھالەتتە ئۇخلاش ئۈچۈن غۇسلى قىلىۋەتكەن ياخشى.

116 ـ جىنسىي ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك سىرلارنى ئاشكارلاش ھارام.

117 ـ تويىقىلغانلىقنى خەۋەر قىلىپ ئۇرۇق تۇققان، قۇلۇم ـ خوشنا، دوست ـ بۇرادەرلەرنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىش.

118 ـ توي چىقىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك. بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىق.

تويدىن كېيىن شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن چەتئەللەرگە ساياھەتكە چىقماسلىق.

119 ـ توي جەريانىدا ئەرلەر ئاياللار بىلەن، ئاياللار ئەرلەربىلەن



http://nurislam.cn

ئارىلىشىپ كەتمەسلىك. توي مۇراسىملىرىنى سىنئالغۇغا ئالماسلىق. چۈنكى ئۇنداق قىلغۇچىلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلىدا لەنەت لەنگەندۇر.

**120** ـ توي مۇراسىمىغا مەخسۇس بايلارنىلا چىقىرىپ نامراتلارنى چاقىرماسلىق. پەيغەمبىرىمىز: «تائاملارنىڭ يامىنى بايلار چاقىرلىپ كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان توي تائامىدۇر» دېگەن.

**121** ـ توي قىلغانلىقنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېلان قىلىش.

**122** ـ توي قىلغۇچىنى مۇبارەكلەش ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈش.

**123** ـ ھەيزدار ياكى نەپاسدار ھالىتىدە جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش. ئۇقماستىن قىلىپ سالغان بولسا تەبە ـ ئىستىغفار ئېيتىش.

http://nurislam.cn

# يىگىرمە بىرىنچى ئاياللار ۋە تالاق توغرىسىدا

**38** جاۋاب بار:

**1** ـ تالاق، دېگەن سۆز ئايالنىڭ قۇلىقىغا يەتمىسىمۇ تالاق بولىدۇ، يەنى: بىرەرسى مەن ئايالىمنى تالاق قىلدىم دىسە، بۇنى ئايالى بىلسۇن، بىلمىسۇن تالاق بولىدۇ، ئەگەر ئايالى **3** قېتىم ھەيز كۆرگەندىن كېيىن بىلسە ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگىگەن بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**2** ـ تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىش: بۇنىڭلىق بىلەنلا تالاق بولمايدۇ، بەلكى تالاق دېگەن كەلىمىنى تەلەپپۇز قىلىش ياكى يېزىش بىلەن بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**3** ـ تالاققا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار: ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا مېھىرى ـ مۇھەببەتنىڭ بولماسلىقى، ئەر ـ ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلالماسلىق، بىرەرسىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىدە بىرەر قىيىنچىلىق كۆرۈلسە مۇناسىپ تەدبىر قوللانماسلىق، ئايالنىڭ تازلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى. [شەيخ ئىبنى باز]

**4** ـ ئەرنىڭ زىنا قىلىپ سېلىشى بىلەن ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ، بىراق ئەر الله دىن قورقۇشى، ئۆزىنى الله ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

**5** ـ ئايالنىڭ ناماز ئوقۇمايدىغان ئەر بىلەن بىرگە تۇرۇشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**6** ـ ھاراق ئىچىدىغان ئەر بىلەن بىرگە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى ھارام



http://nurislam.cn

ئەمەس، چۈنكى ھاراق ئىچىش (ھالال سانىمىسلا) دىندىن چىقارمايدۇ، بىراق ئايالى ئەرگە كۆپلەپ نەسىھەت قىلىشى لازىم.

7 ـ ئېرىنى ھاراقتىن تەزدۈرۈش ئۈچۈن بىرگە ياتماسلىق ئۇنىڭ بەرسە بىرگە ياتماسلىق جايىز، ئەگەر ئۇنىڭ بەرمىسە بىرگە ياتماسلىق ھالال ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

8 ـ ئەر ئۆز ئايالىغا: سەن ئۈچ تالاق دىسە ياكى بىر لەفزى بىلەن ئۈچ تالاق قىلسا ياكى قىلىنسا بىر تالاق دەپ قارىلىدۇ، ئايال ئىددەت ئىچىدە بولسا ئەر يېنىۋالسا بولىدۇ. ئەگەر ئىددىتى چىقىپ كەتكەن بولسا ئۇ ئايال ئېرىگە يېڭى نىكاھ بىلەن ھالال بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

(ئەبۇ ھەنىفە، مالىك، شافىئى ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن: «بىر لەفزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق» ئۈچ تالاق بولىدۇ دەپ قارايدۇ)

9 ـ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگىنى ياخشى، بىراق بىرەر ھاجەت تۈپەيلىدىن چىقسا كېرەك يوق.

10 ـ تالاق قىلغاندا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىش سۈننەت، تالاق گۇۋاھچىسىزمۇ تالاق بولىدۇ.

11 ـ كىمكى تالاق ھەققىدە ياكى تالاقنىڭ شەرتى ھەققىدە شەكلىنىپ قالسا تالاق بولمايدۇ. ئەگەر تالاقنىڭ سانىدا شەكلىنىپ قالسا بىر تالاق بولىدۇ.

ئايال ئېرىدىن تالاقنى تەلەپ قىلسا بولىدىغان ھالەتلەر

12 ـ ئەر نەپىقە بېرىشكە سەل قارىسا.

13 ـ ئەرئايالىغا تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمايدىغان



http://nurislam.cn

دەرىجىدە زىيان سالسا، مەسىلەن: تىللاش، ئۇرۇش ۋە ياكى ئايال كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە زەربە قىلىش.

14 ـ ئېرى غەيۋىتىنى قىلىپ زەرەر يەتكۈزسە ياكى ئۆزگە بىرەر زەخمەت يەتكۈزىشىدىن ئەندىشە قىلسا.

15 ـ ئېرى ئۇززۇن مەزگىل سۈلاپ قويسا ياكى يېقىن كەلمەي زەرەر يەتكۈزسە.

16 ـ ئېرىنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، جىنسىي ئالاقە قىلالماسلىق ياكى بىرەر خەتەرلىك كېسەللىككە ئوخشاش ئەيىبى بولسا.

17 ـ سۈننەتكە ئۇيغۇن تالاق: بۇ ئەرنىڭ بىر ياستۇققا باش قويغان ئايالنى ھەيزدىن پاك بولغاندا جىنسىي ئالاقە قىلماي تۇرۇپ قىلغان بىر تالاقنى كۆرسىتىدۇ. ئايالنى بۇنداق تالاق قىلغان ئەر ئىددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن يېنىشۋالسا بولىدۇ.

18 ـ بىدئەت تالاق: بۇ ئەرنىڭ ئۆز ئايالنى ھەيزدار ياكى نىپاسدار ۋاقىتىدا قىلغان ۋە ياكى ھەيزدىن پاك بولغاندا جىنسىي ئالاقە قىلغاندىن كېيىن قىلغان شەرىئەتكە مۇخالىپ تالاقنى كۆرسىتىدۇ.

19 ـ بىر لەفزى بىلەن يەنى: (سەن ئۈچ تالاق دەپ) قىلغان ياكى بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم ـ ئايرىم (يەنى: سەن تالاق، سەن تالاق، سەن تالاق) دەپ قىلغان تالاقمۇ شەرىئەتكە مۇخالىپ بىدئەت تالاقتۇر.

20 ـ رەجئى تالاق: بۇ ئەرنىڭ بىرگە بولغان ئايالنى پاك ۋاقتىدا يېقىنلاشماي تۇرۇپ قىلغان بىر تالاقنى كۆرسىتىدۇ. ئايالنى رەجئى تالاق قىلغان ئەر ئىددەت ئىچىدە خالىسا ئايالى بىلەن يېنىشۋالسا بولىدۇ.

21 ـ ئايالنى رەجئى تالاق قىلغان ئەر: ئايالنىڭ ئىددىتى توشماستا ۋەلىسىز، تويلۇقسىز ۋە ئايالنىڭ رازىلىقىسىز يېڭىدىن نىكاھ



http://nurislam.cn

قىلمايمۇ يېنىۋالسا بولىدۇ.

**22** ـ رەجئى تالاق قىلىنغان ئايال: يەنىلا تالاق قىلغان ئەرنىڭ ئايالىدۇر. ئەر ئۇنىڭغا قارىسا خىلۋەتتە بىرگە بولسا بولىدۇ. ئايالمۇ ئىددەت ئىچىدىلا بۇلىدىكەن ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلسا بولىدۇ.

**23** ـ رەجئى تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتىنى توشقۇزماي تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقماسلىقى كېرەك.

**24** ـ بايىن تالاق: بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئايال ئېرىدىن جۇدا بولىدىغان تالاقتۇر، بايىن تالاق ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ .

**25** ـ كىچىك تىپتىكى بايىن تالاق: بۇ تولۇق ئۈچ تالاققا يەتمىگەن بىر تۈرلۈك تالاق بولۇپ ئەر، ئايالنى بىرىنچى قېتىم تالاق قىلىپ ياكى ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلىپ يارىشىۋېلىشتىن بۇرۇن ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇپ قالسا بۇ كىچىك تىپتىكى بايىن تالاق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى تالاق بىلەن تالاق بولغان ئايال ئېرىگە يېڭى تويلۇق ۋە يېڭى نىكاھ بىلەن ھالال بولىدۇ .

**26**چوڭ تىپتىكى بايىن تالاق: بۇ تولۇق ئۈچ قېتىم قىلىنغان تالاق بولۇپ بۇ تۈردىكى تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ئېرىدىن تەلتۆكۈس جۇدا بولىدۇ ۋە تاكى باشقا بىر ئەرگە ئۆمۈرلۈك ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن شەرئىەتكە مۇۋاپىق ھالدا ياتلىق بولۇپ كۆڭۈللۈك تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم نىكاھىغا ئالغان ئەر تالاق قىلغان ۋە ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئاۋۋالقى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ. ئىككىنچى قېتىم تەككەن ئېرى تالاق قىلىۋەتسە ۋە ئىددىتى تولۇق توشسا ئاندىن ئاۋۋالقى ئېرى قايتا تويلۇق ئېلىپ قايتا نىكاھ ئوقۇتۇپ ئۆي تۇتسا بولىدۇ.

**28** ـ خۇلئى تالاق: بۇمۇ تالاقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئايال ئۆز ئېرىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ۋە دىن ـ



http://nurislam.cn

دىيانىتىنى ياقتۇرماي ياكى ئىرى ياشتا چوڭ بولغان سەۋەبلىك ۋە ياكى ئاجىز بولغان سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ گۇناھقا پېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئىرىگە مال ـ مۈلۈك بېرىپ تالىقنى سوراپ ئالسا بولىدۇ .

29 ـ خۇلئى تالاق: ئايال پاك ۋاقتىدىمۇ، ھەيزدار ۋاقتىدىمۇ قىلسا جايىز بولىدىغان تالاق. خۇلئى تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى بىر ھەيز بىلەنلا تۈگەيدۇ .

30 ـ جۇمھۇر ئەھلى ئىلملەر: بىدئەت تالاق گەرچە ھارام تالاق بولسىمۇ يەنىلا چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تالاقنىڭ بارلىق ئەھكاملىرى تەتبىقلىنىدۇ دەپ قارايدۇ .

31 ـ ئۆزىنى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتىن چەكلەش مەقسىتىدە (تالاق) دەپ قەسەم قىلغان كىشىنىڭ تالىقى چۈشمەيدۇ. بەلكى ئۇ قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىشى لازىم .

32 ـ مۇسۇلمان بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانماسلىقى لازىم، چۈنكى كۆپلىگەن ئەھلى ئىلملەر: ئۆزىنى ياكى ئايالىنى مەلۇم بىر ئىشتىن چەكلەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەن (تالاق) كەلىمىسى گەرچە تالاق نىيىتى بىلەن بولمىغان بولسىمۇ چۈشىدۇ (يەنى تالاق بۇلۇۋېرىدۇ) دەپ قارايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

33 ـ ئايالىنىڭ ئېرىدىن سەۋەبسىز تالاق تەلەپ قىلىشى: جايىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قايسى بىر ئايال ئېرىدىن سەۋەبسىز سۆز (تالاق) تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ھىدى ھارامدۇر» دېگەن. (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان) [پەتىۋا كومىتېتى]

34 ـ ئايالنى تالاق قىلىشتا ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى: ئانىڭىز تالاق قىل دەپ تۇرىۋالغان ئايالىڭىزدىن ـ دىيانەتلىك، ئانىڭىزغا ئازار بەرمەيدىغان سالىھە ئايال بولسا ئانىڭىزغا چىرايلىق چۈشەندۈرۈڭ، نەسىھەت قىلىڭ. ئەگەر ئايالىڭىز يۇقىرىقى



http://nurislam.cn

سۈپەتلەردىن خالىي بولسا ئانىڭىزنىڭ گېپىگە كىرىپ تالاق قىلىشىڭىز ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**35** ـ تالاق قىلىنغان ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ۋاجىپ. ئىددىتىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشى هارام. [پەتىۋا كومىتېتى]

**36** ـ ئەرنىڭمۇ تالاق قىلغان ئايالنى ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىشى هارام، بىراق ئايال ئوچۇق ـ ئاشكارە بىرەر پاھىشە قىلغان بولسا قوغلاپ چىقىرۋەتسە كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**37** ـ ئەر ئۆز ئايالىنى بايىن تالاق قىلغان بولسا، مەسىلەن: ئايال بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى بىرگە بولغاندىن كېيىن بايىن تالاق قىلغان بولسا، ئايال ئەرگە نىسبەتەن يات ئايالغا ئايلىنىدۇ. ئۇ ئېرىگە پەقەت يېڭى تويلۇق ۋە يېڭى نىكاھ بىلەن ئۆز رازىلىقى بىلەن هالال بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**38** ـ ئەر تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا ئۆتۈنسە بولامدۇ؟

ـ تالاق قىلىش ئەسلىدە ئەرنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. بىراق ئەر تالاق قىلىش ھوقوقىنى ئايالغا ئۆتۈنۈپ بەرسە نەتىجىدە ئايال مەن سەندىن تالاق دېسە تالاق چۈشىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn

## يىگىرمە ئىككى ئايالالار ۋە ئىددەت تۇغرىسىدا

**16** جاۋاب بار

**1.** ئىددەت دېگەن: ئايالالر كۈتۈپ تۇرىدىغان ۋە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ياتلىق بولۇشتىن چەكلەيدىغان ۋاقىتتۇر، ئىددەت تۇتۇش ۋاجىپ.

**2.** ئىددەتنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەت: **1** ـ بالا ياتقۇنىڭ بوشلۇقىنى تەكشىلەش. **2** ـ قايتا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش **3** ـ ئەر خوتۇنلار ئارىسىدىكى تۇرمۇشقا ھۆرمەت قىلىش.

**3** ـ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتۈلمىگەن ئايال تالاق قىلىنسا ئىددەت تۇتۇش كەتمەيدۇ.

**4** ـ تېخى جىنسىي ئالاقە قىلمىغان ئايالنىڭ ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئېرىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن تۆت ئاي **10** كۈن ئىددەت تۇتۇش لازىم. تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك ئايال ئىددەت تۇتىدۇ.

**5** ـ بىرىنچى: ھامىلدار ئايال مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى تالاق قىلىنغان بولسۇن يەڭگىپ بولغانغا قەدەر ئىددەت تۇتىدۇ .

**6** ـ ئىككىنچى: ھامىلدار بولۇشتىن ئىلگىرى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئېرى نەپەستىن قالغان كۈندىن باشلاپ تۆت ئاي **10** كۈن ئىددەت تۇتىدۇ.

**7** ـ ئۈچۈنچى: ھەيز كۆرۈپ تۇرىدىغان ئايال تالاق قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ پاك بولغانغا قەدەر ئىددەت تۇتىدۇ.



http://nurislam.cn

8 ـ تۆتىنچى: يېشى بەك كىچىك بولغان ياكى بەك چوڭ بولغان سەۋەبلىك ھەيز كۆرمەيدىغان ئايال ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ، ئىستىھازەلىك ئاياللارمۇ ئوخشاش ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ.

9 ـ بەشىنچى: ھەيزىنىڭ قاچان توختاپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئايال ئىمام شافىئىنىڭ سۆزىگە ئاساسەن بىر يىل ئىددەت تۇتىدۇ، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار ئارىسىدا مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقارغان، ھېچكىم بۇنى ئىنكار قىلمىغان.

10 ـ ئالتىنچى: ئېرى ئىز دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتكەن ئايال (ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئايدىن ئالتە ييلغىچە) كۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئېرىگە ۋاپا قىلىش، يۈزسىدىن تۆت ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى)

11 ـ تالاقنىڭ ئىددىتى قاچان باشلىنىدۇ؟

ـ تالاق سادىر بولغان (گەرچە تالاق خېتى ئايالنىڭ قولىغا تەگمىگەن بولسىمۇ) كۈندىن باشلىنىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

12 ـ ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالنىڭ نەپىقىسى:رەجئى تالاق قىلىنغان ئايال مەيلى ھامىلدار بولسۇن، مەيلى ھامىلدار بولمىسۇن، ئۇنىڭ تۇرالغۇسى، نەپىقىسى ۋە كىيىم ـ كېچەكى تولۇق بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ تالاق قىلغان ئەرنىڭ خوتۇنىدۇر.

13 ـ بائىن تالاق قىلىنغان ئايال: ھامىلدار بولسا يەڭگىپ بولغانغا قەدەر، تالاق قىلىنمىغان ئايالغا ئوخشاش نەپىقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ .

14 ـ ئەگەر ھامىلدار بولمىسا نەپىقە ۋە تۇرالغۇ بېرىلمەيدۇ .

15 ـ ئېرىنىڭ ئېتائىتىدىن باش تارتقان ھامىلدار ئايالنىڭ نەپىقىسى ھامىلىسى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ھامىلىنىڭ نەپىقىسى ئانىنىڭ بويۇنتاۋلىقى سەۋەبلىك ساقىت بولمايدۇ .

http://nurislam.cn

**16** ـ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال: ھامىلدار بولسا ئۇنىڭ نەپىقىسى، كىيىم ـ كېچىكى ۋە تۇرالغۇسى، ئېرى قالدۇرۇپ كەتكەن مۈلۈكتىن بولىدۇ. ئەگەر ئېرى بىرەر مۈلۈك قالدۇرۇپ كەتمىگەن بولسا، شۇ ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ ۋارىسلىرى نەپىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

http://nurislam.cn

## يىگىرمە ئۈچىنچى ئاياللار ۋە پەرزەنت تۇغۇش

**60** جاۋاب بار

**1.** قىز پەرزەنتنى يامان كۆرۈش: جاھالەتنىڭ قىلمىشلىرىدىندۇر ۋە ئۇ، اللە نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا نارازى بولغانلىقتۇر. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن قىز پەرزەنتنىڭ، ئوغۇل پەرزەنتتىن ياخشى بولۇش مۇمكىنلىكىنى بىلمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**2** ـ ئالەمدىن ئۆتكەن پەرزەنت ئاتىسىغا ۋە باشقىلارغا ئەمەس، ئانىسىغا شاپائەت قىلىدۇ. بىراق ئاتىسىغا تەلىم ـ تەربىيە بەرگەنلىكى ۋە ياخشى يولغا يېتەكلىگەنلىكى سەۋەبلىك ئەجىر بولىدۇ. [پەتۋا كومىتېتى]

**3** ـ پەرزەنتلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش: شەرئى جەھەتتىن دۇرۇس ئەمەس. [شەيخ ئۇسەيمىن]

**4** ـ پەرزەنتلەرنىڭ سۈرىتىنى ساقلاش جايىز ئەمەس، بىراق پاسپورت ۋە باشقا لازىمەتلەر ئۈچۈن بولسا كېرەك يوق. [پەتىۋاكومىتېتى]

**2.** كۆز تېگىشتىن ياكى جىن چېپىلىشتىن ۋە ياكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىيە قىلىش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىگە تۈرلۈك ناملار بىلەن تۇمار ئېسىپ قويۇش جايىز ئەمەس.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: كىم بىرەر ئادەمنىڭ ئېسىۋالغان تۇمارىنى ئۈزۈپ تاشلىسا، بىر قۇل ئازات قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**3.** پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇش ۋاقتى: تۇغۇلغان كۈنىلا قويسىمۇ



http://nurislam.cn

ياكى 7 ـ كۈنى قويسىمۇ بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاساسى بار. [پەتىۋا كومىتېتى]

4. پەرزەنتىگە ئىسىم قويۇش ئاتىنىڭ ھەققى، شۇنداقتىمۇ ياخشى ۋە كۆڭۈلگە يېقىشلىق ئىسىم قويۇش ئۈچۈن ئانا بىلەن كېڭىشىش ياخشى ئىش. [شەيخ ئىبنى باز]

5. پەرزەنتلىرىگە ئابدۇنەبى، ئابدۇرەسۇل دېگەندەك اللە نىڭ غەيرىگە ئابدۇ قىلىپ ئىسىم قويۇش توغرا ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

6. پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياكى شۇ دەۋردىكى ساھابىلەردىن قالغان ئىش ئەمەس.

7. كىمكى پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ ئۆرۈپ ـ ئادەتكە ئەمەس سۈننەتكە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن ئەقىقە زىياپىتى بەرسە كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

8. باللارنى ئەركىلەتمە ناملىرى بىلەن ئاتىسا كېرەك يوق. ئەمما يامان لەقەملەر بىلەن ئاتاش جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، قۇرئان كەرىمدە مەنئىي قىلىنغان. [شەيخ ئىبنى باز]

9. پالچىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئىسىم ئالماشتۇرۇش جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، پالچىلارنىڭ بىمەنە سۆزلىرىنى تەستىقلىغانلىق بولۇپ ئىمانغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان مەسىلە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر پالچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلىسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ـ قۇرئان ـ غاكافىر بولىدۇ». [پەتىۋا كومىتېتى]

10. پەرزەنتلىرىگە رەھىم، كەرىم، دېگەندەك الله نىڭ



http://nurislam.cn

ئىسىملىرىنى قويسا كېرەك يوق. ئەمما بېشىغا ئەلىف لام قوشۇپ (ئەررەھىم، ئەلكەرىم دەپ) قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى الله نىڭ غەيرى ئۇنداق ئاتالمايدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**11.** پەرزەنتلىرىگە قۇرئان كەرىمدىكى ئايەت ۋە سۈرەلەرنىڭ نامىنى قويۇش جايىز. [شەيخ ئىبنى باز]

**12.** الله قا ئەڭ ياقىدىغان ئىسىم (ئابدۇللا، ئابدۇراھمان) دېگەن ئىسىملاردۇر. [مۇسلىم توپلىغان]

**13.** ئوغۇل بالىنىڭ، تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى چېچىنى چۈشۈرۈپ ئىسمىنى قويۇش سۈننەت، قىز بالىنىڭ ئۇنداق ئەمەس، يەنى چېچى چۈشۈرۈلمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**14.** پەرزەنت تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى الله تائالاغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي سويۇپ ئەقىقە قىلىش كۈچلۈك سۈننەت. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**15.** قول ـ ئىلكىدە يوق كىشىلەردىن ئەقىقە قىلىش ساقىت. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**16.** ئەقىقە قىلىشنىڭ ئەۋزەل ۋاقتى بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى، يەتتىنچى كۈننى قولدىن بېرىپ قويغۇچى **14** ـ كۈنى، ئۇمۇ بولمىسا **21** ـ كۈنى قىلسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**17.** بالا تۆت ئاي **10** كۈن بولغاندىن كېيىن چۈشۈپ كەتسە (بويىدىن ئاجراپ كەتسە)، بوۋاق هاياتىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. چۈنكى بالا تۆت ئايلىق بولغاندا جان كىرىدۇ. ئەگەر تۆت ئايدىن كېيىن چۈشۈپ كەتسە يۇيۇلىدۇ، كېپەنلىنىدۇ ۋە ئىسىم قويۇلۇپ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

http://nurislam.cn

18. تۆت ئاي بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈپ كەتكەن بولسا گەرچە ئوغۇل ـ قىزلىقى ئايرىلغان بولسىمۇ يۇقىرىقى رەسمىيەتلەر ئۆتەلمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

19. بالا تۇغۇلۇپ گەرچە يەتتە كۈن بولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئەقىقىسى قىلىنىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

20. بالىنىڭ ئەقىقىسىنى بالىنىڭ بوۋىسى، مومىسى قىلسىمۇ بولىدۇ.

21. ئەقىقىدە سويۇلغان قوينىڭ ئۈچتىن بىرىنى يېيىش، ئۈچتىن بىرىنى دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ھەدىيە قىلىش، ئۈچتىن بىرىنى مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىش سۈننەت. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

22. سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان نارىسىدە بالىنىڭ سۈيدۈكى يېنىك تىپتىكى نىجاسەتكە كىرىدۇ. ئۇنى پاكلاشتا ئۈستىگە سۇ سىپىپۇەتسىلا كۇپايە. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

23. كىچىك بالىنىڭ نىجاسىتىنى تازلىغاندا تاھارەت سۇنۇپ كەتمەيدۇ. بىراق ئەۋرىتىنى بىۋاستە تۇتسا تاھارەت سۇنىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

24. ئايال بالىسىنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارەت ئېلىشى ۋاجىپ. بۇ جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ قارىشى. [پەتىۋا كومىتېتى]

25. ئۆز بالىسىنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارەت سۇنمايدۇ دېگەن قاراشمۇ بار. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

26. تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بالىلارنىڭ مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز بولسۇن كىيىم ـ كېچەك ياكى بەدەنگە يوقۇپ قالغان ھۆل نىجاستى يۇيىلىدۇ. ئەمما سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلارنىڭ نىجاستى ئۈستىگە سۇ سىپىپۇەتسىلا كۇپايە، سىقىپ، سىلاپ يۇيۇش

http://nurislam.cn

ھاجەتسىز.

27. يۇقۇپ قالغان ھۆللۈكنىڭ نىجاسەت ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسا بەدەن ۋە ھۆللۈك بار جاي ئەسلىدىكى پاكلىق ھالىتىدە بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

28. خەتنە قىلىش ئەرلەرگە نىسبەتەن ۋاجىپ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

29. ئاياللارغا نىسبەتەن ۋاجىپ ئەمەس مۇستەھەب. [شەيخ ئىبنى باز]

30. خەتنىنى بالىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالغا قاراپ قاچانلا قىلسا بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

31. خەتنە توي (سۈننەت توي) قىلىش بىدئەت.

32. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى تۇتۇش - تۇتماسلىق توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار .

33. تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتسا ھارام ئەمەس، چۈنكى ئۇلارتېخى مۇكەللەپ ئەمەس. بۇ بىر تۈرلۈك قاراش .

34. كىچىك بالىلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتىشى جايىز ئەمەس. بىراق قۇرئان كەرىمنى پاكىزە بىر نەرسىگە ئوراپ تۇتىشى ئەڭ ئېھتىياتلىق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

35. بالىلارنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان رامكا، دوسكا قاتارلىقلارنى ھەرپلەرگە بىۋاستە قول تەككۈزمەسلىك شەرتى بىلەن تۇتۇش جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

36. يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى شۇ يېتىملەرگە ۋەلى بولغان



http://nurislam.cn

كىشــىلەر كۆپــەيتىش مەقســىتىدە تەســەررۇپ قىلســا دۇرۇس. بىــراق كەمــەيتىش يــاكى زىيانغــا ئۇچــرىتىش جــايىز ئەمــەس. [شــەيخ ئىبــنى ئۇسەيمىن]

37. كىچىك باللارنىڭ قىلغان ھەجى نەپلە ھەج بولىدۇ ۋە نەپلە ھەجنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. بىراق پەرز ھەجگە كۇپايە قىلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

38. يەتتە ياشقا توشمىغان باللارنىڭ ئېھرام باغلىغاندا قىلىدىغان نىيىتىنى شۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىلىدۇ.

39. ئەمما يەتتە ياشتىن چوڭ بولسا ئۇلارنىڭ ۋەلىلىرى ئۇلارغا نىيەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

40. ئېمۋاتقان بالا ئانىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۆلۈپ قالسا: ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ قالغانلىقى نامەلۇم بولسا ھېچكىم جاۋابكار ئەمەس. چۈنكى ئادەم ئۇخلاۋېتىپمۇ ئۆلۈپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ .

41. بىراق ئانىنىڭ بىسىپ سىلىشى ياكى ئەمچەك بىلەن نەپەس يوللىرى توسۇلۇپ قىلىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئانا بىر قۇل ئازات قىلىشى كېرەك. ياكى (قۇل ئازات قىلىشقا قۇربى يەتمىسە) كەينى ـ كەيندىن ئىككى ئاي (60كۈن) روزا تۇتىشى لازىم .

42. بالا ئاتىسى بىلەن كېتىۋېتىپ ئۆزىنى كىتىۋاتقان ماشىنىغا ئۇرۋېلىپ ئۆلۈپ قالسا ياكى ماشىنىنى توختىتىۋېلىش ياكى بالىنى تۇتىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا بۇنىڭغا ئاتا جاۋابكار بولمايدۇ .

43. ئەمما ئاتىنىڭ بىپەرۋالىقىدىن بولسا ئاتا دىيەت تۆلەشكە ۋە كەففارەتكە مەجبۇردۇر. بالىنىڭ باشقا ۋارىسلىرى دىيەتتىن ۋاز كەچسە، كەففارەت ئۈچۈن كەينى ـ كەيندىن ئىككى ئاي (60كۈن)



http://nurislam.cn

روزا تۇتىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**44.** قىز بالىغا ياخشىلىق قىلىش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن دوزاختىن (ساقلايدىغان) پەردە بولىدۇ».

ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش: ئۇلارنى ئىسلامى تەربىيە بىلەن ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك ۋە اللە هارام قىلغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشىغا ئېتىبار بېرىش، اللە قا ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا كۆندۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياخشىلىق قىلىش دېگەنلىك پەقەتلا ياخشى يېگۈزۈش، ياخشى كىيگۈزۈش دېگەنلىك ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

پەرزەنتلەرنى ئوخشاش كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇش: ئاتا ـ ئانىغا ۋاجىپ، ئۇلارغا سوغا ـ سالام ۋە تۈرلۈك لازىمەتلىكلەرنى بەرگەندە ھەممىگە ئوخشاش بېرىش، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

**45.** پەرزەنتلەرنى قاغاش ۋە تىللاش چوڭ گۇناھلاردىندۇر: بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆئمىننى قارغاش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر» دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

ـ مەيلى ئادەم بولسۇن مەيلى هايۋان بولسۇن ئۇلارنى قاغاش جايىز ئەمەس.

**46.** پەرزەنتلىرىنى قارغاپ ـ تىللىغان ئانا: اللە تائالاغا تۆۋبە قىلىشى، تىلىنى پەرزەنتلىرىنى تىللاشتىن يىغىش ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تىلەپ كۆپ دۇئا قىلىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

**47.** پەرزەنتلەرنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىش: توغرا ئەمەس. بەزى چاغلاردا بۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان چاغقا توغرا كېلىپ قالىدۇ. ئايال ئاچچىقى كېلىپ قالسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ زىيىنىغا



http://nurislam.cn

دۇئايى بـەت قىلىشـتىن ساقلىنىش لازىـم. بـەك بولمىغـاندا ئۇلارنـى ئەدەپـلەش يۈزىسـىدىن ئـۇرۇش، قارغىغـاندىن كـۆپ ياخشـى. [شـەيخ ئىبنى جىبرىن]

48. بالاغەتكـە يەتمىگـەن ئوغۇلنىـڭ مـەھرەم بولـۇش سـالاھىيىتى يوق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

49. يېڭى يەڭگىگەن ئايالغا سوغات بېرىش: كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەت بولسا كېرەك يوق. ئۇ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىنغانلىق ئەمەس بەلكى ئادەتكە ئەگەشكەنلىك. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

50 ـ كىچىـك باللار ئۈچۈن قۇشلارنى قەپەزگە سۇلاپ بېرىش: ئەگـەر يەمـەك ـ ئىچمىگىنى تولـۇق ھـازىرلاپ بەرسـە كېرەك يـوق. بولمايدۇ دىيىشكە بىرەر دەلىلنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز. [شەيخ ئىبنى باز]

51 ـ كـۆز، قـۇلاق، بـۇرۇن ۋە ئېغىـز قاتـارلىق ئـەزالىرى ئېنىق گەۋدىلەنگەن قونچاقلارنى ئوينىشى مىنىڭچە جـايىز ئەمـەس. بىراق يۇقىرىقى ئەزالىرى تازا ئېنىق بولمىغان قونچاقلارنى ئوينىسا كېرەك يوق. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئـەنھا مۇشـۇنداق قونچاقلارنى ئوينىغان. لېكىن كىچىك باللارنىڭ رەسمى ئادەم سۈرەتلىك قونچاقلارنى ئوينىشىنى كەسكىن ھارام دەپ ئېيتمايمەن. چۈنكى چوڭلارغا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىش كىچىكلەرگە رۇخسەت قىلىنغان. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

52 ـ رەسمى جانلىقلارنىڭ شەكلىدە ياسالغان قونچاقلارنى ئويناش هارام دېگەن قاراشمۇ بار. [شەيخ ئىبنى جىبرىن]

53 ـ زىبۇ ـ زىننەت سېلىش ئۈچۈن قـۇلاقنىڭ قـۇلاق، بۇرۇنلىرىدىن كىچىك تۆشۈكلەرنى تېشىش جايىز. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]



http://nurislam.cn

54 ـ كىچىك باللار ئوغۇرلاپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش ۋاجىب. [شەيخ ئىبنى باز]

55 ـ مەيلى چوڭلار بولسۇن، مەيلى كىچىكلەر بولسۇن سۈرەت چۈشۈرۈلگەن كىيىملەرنى كىيىش (كەيدۈرۈش) جايىز ئەمەس. بىراق بىرەر ئېھتىياج سەۋەبلىك بولسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

56 ـ كىچىك قىزلارغا قىسقا، تار ۋە يېرىم ـ يالىڭاچ كىيىملەرنى كەيدۈرۈش لايىق ئەمەس، چۈنكى ئۇنداق كىيىنىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قېلىپ چوڭ بولغاندىمۇ ھېچبىر ھېيىقماستىن كىيىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

57 ـ ئۆزىدىن كىچىكلەرنى (ئى ئوغلۇم!) دەپ چاقىرىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

58 ـ ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن (ئى ئاتا!) دەپ چاقىرىش جايىز. [پەتىۋا كومىتېتى]

59 ـ كىچىك باللىنىڭ قۇسۇقى يوقۇپ قالغان كىيىمنى يۇيۇۋېتىپ ئاندىن نامازدا كىيىش لازىم. چۈنكى بىر قىسىم ئەھلى ئىلىملەر قۇسۇقنى نىجاسەت قاتارىدا سانىغان.

60 ـ نامازدا تۇرغىنىڭىزدا، كىچىك بالا ئالدىڭىزدىن ئۆتسە توسۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈڭ، مۇمكىن بولمىسا ھېچ دەخلىسى يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn

## يىگىرمە تۆتىنچى ئايالالر ۋە ئىمىلداشلىق توغرىسىدا

**17** جاۋاب بار:

**1**. ئىمىلداشلىقنىڭ چەك ـ چىگرىسى: ئەمچەكنى نەپەس ئىلىپ دەمىۇدەم شوراش ياكى سۈتكە تويۇش ياكى ئەمچەكتىن يىنىش ۋەياكى بىر ئەمچەكتىن يەنە بىر ئەمچەككە يوتكىلىش بىلەن ئىمىلداشلىق شەكىللىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەسەبتىن هارام بولىدىغان نەرسە ئىمىلداشلىقتىنمۇ هارام بولىدۇ» دىگەن. [بىرلىككە كىلىنگەن ھەدىس]

**2** ـ ئىمىلداشلىق، دىن ـ دىيانەتتىكە ئىشەنچ قىلىندىغان بىرلا ئايالنىڭ (مەيلى ئىمىتكەن ئايال بولسۇن، مەيلى ئىمىتمىگەن ئايال بولسۇن) گۇۋاھلىقى بىلەن ئىمىلداشلىق بىكىتىلىدۇ.

**3** ـ ئىمىلداشلىق هۆكمى مۇنداق ئىككى شەرت بىلەن بىكىتىلىدۇ: **1** ـ تويغۇدەك بەش قېتىم ئىمىش ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىمىش. **2** ـ ئىمىش ئىككى يىل ئىچىدە بولۇش.

**5** ـ ئىمىلداشلىقنىڭ سادىر بولغانلىقىدىن ياكى ئىمىشنىڭ تولۇق بەش قېتىم بولغانلىقىدىن شەكلەنسە ۋە بىرەر ئىسپات بولمىسا هارام بولمايدۇ. چۈنكى ئەسلىدىنلا ئىمىلداشلىق بولغان ئەمەس.

**6** ـ ئىمىلداشلىقتا ئالاقىدار ئىشلار: **1** ـ بىر ئايال باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئىمىتسە، ئۇ شۇ ئايالنىڭ بالىسى بولۇپ قالىدۇ. **2** ـ ئۇ بالا ئىمىتكەن ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن نىكاھلىنىشى هارام. **3** ـ (شۇ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىگە) قاراش، خىلۇەتتە بىرگە بولۇش ۋە بىر ـ بىرىگە مەهرەم بولۇش جايىز.



http://nurislam.cn

**7** ـ ئېمىلداشلىقتا ئالاقىسىز ئىشلار: **1** ـ ئىنىنىڭ ئانىغا نەفىقە بېرىش ۋاجىپ ئەمەس. **2** ـ ئۇلار (ئىنىنىڭ ئانا بىلەن ئەمگەن بالا ۋە ئېمىلداش بىر تۇققانلار) ئارىسىدا ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. **3** ـ ئەمگەن بالا ئىنىنىڭ ئانىسى ئۈچۈن ۋەلى بولالمايدۇ .

**9** ـ سۈت ئەممەيمۇ، ئاغزىغا تېمىتىش ياكى قاچىدىن ئىچىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بالىنىڭ قورسىقىغا يەتسە ئېمىلداشلىق ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئىمىشتىن ھاسىل بولغان ئۈزۈقلىنىش ھاسىل بولىدۇ. بىراق شۇخىل ھالەتمۇ بەش قېتىم ھاسىل بولۇشى شەرت.

**10** ـ ئىمىشىنىڭ تەسىرى ئەمگۈچىگە ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرگىچە بولىدۇ .

**11** ـ ئۇ ئەمگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تاغا ـ ھامما قاتارلىق ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز .

**12** ـ يەنە شۇنىڭدەك ئەمگۈچىنىڭ ئوغۇل ـ قىز قېرىنداشلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز.

**13** ـ ئىنىنىڭ ئانىنىڭ مەھرەملىرى ئەمگۈچىنىڭ مەھرەملىرىدۇر. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**14** ـ ئەرنىڭ بىرەر ئايالغا، ئايالنىڭ بىرەر ئەرگە قان بېرىش سەۋەبلىك بىر ـ بىرىگە ھارام بولامدۇ؟

ـ قان بېرىش بىلەن نە ئۆرپ ئادەتتە، نە لوغەتتە، نەشەرىئەتتە ئېمىلداش دەپ ئاتالمايدۇ. ئۆز ئارا قان بېرىشكەن سەۋەبىك نىكاھلىنىشى ھارام ئەمەس. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ]

**15** ـ ئېرىنىڭ ئىنىكئاتىسىغا يۈزىنى ئاچسا بولامدۇ؟



http://nurislam.cn

ـ ئەڭ كۈچلۈك قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئىرىنىڭ ئىملىداشلىقتىن بولغان ئاتىسىغا يۈزىنى ئاچسا بولمايدۇ. [شەيخ مۇھەممەد سالىھىل ئۇسەيمىن]

16 ـ مىنىڭ، ئانامنى ئەمگەن بىر نەپەر ئىملىداش سىڭلىم بار ئىدى، ئانىمىز ئۆلۈپ كەتتىپ دادىمىز باشقا بىر ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇردى ۋە بىرقانچە پەرزەنت يۈزى كۆردى، ئەمدىكى مەسىلە ئىملىداش سىڭلىمنىڭ ئۇلارغا ۋۇزىنى ئىچىشى دۇرۇس بولامدۇ، بولمامدۇ؟

ـ شۇنداق، بولىدۇ. ئۇ سۈت ئاتىسىدىن بولغان باللىلارنىڭ مۇھەمشىرىسىدۇر، ئاتىڭىزنىڭ ئۆزئانىڭىزدىن بولغان ۋە ئىنىڭ ئانىڭىزدىن كېيىنكى ئانىڭىز (ئۆگەي ئانىڭىز) دىن بولغان باللارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە مەھرەمدۇركى، نىكاھلىنىشى دۇرۇس ئەمەس. الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر. [شەيخ ئابدۇللا ئىبنى ھۇمەيد]

17 ـ ئىلگىرى بىرسى بىر ئايالنى شۇئايالنىڭ باللىرى بىلەن بىرگە ئەمگەن، كېيىن ئۇئايال باشقا بىر ئەرگە تېگىپ پەرزەنت يۈزى كۆرگەن، ئۇئايالنى بىرىنجى ئەردىن بولغان باللار بىلەن ئەمگەن بالا، ئايالنىڭ ئىككىنجى ئەردىن بولغان بالىلىرى بىلە بىر تۇققان ھېسابلىنامدۇ؟

ـ ئايالنى ئىككى يىل ئىچىدە تولۇق 5 قېتىم ئەمگەن بالا، شۇ ئايالنىڭ ۋە شۇ ئايالنىڭ ئىرىنىڭ بالىسى، شۇ ئايالنىڭ باللىرىنىڭ ۋە ئىرىنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان باللىرىنىڭ بىر تۇغقىنى بولىدۇ. [شەيخ ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرەھمان جۇبەيرىن]

ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللانىڭ كۆز قارشى:

نەسەپتىن ھارام بولىدىغان نەرسە ئىملىداشلىقتىنمۇ ھارام بولىدۇ، ئىملىداش ھەمشىرىسىنىڭ (قېرىندىشىنىڭ) ئانىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئىملىداش ھەمشىرىسىنىڭ ئانىسى بىلەن نىكاھلىنىشقا



http://nurislam.cn

بولىدۇ، بىراق نەسەبى ھەمشىرىسىنىڭ ئانىسى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ.

نەسەبى ئوغلىنىڭ ئايالىنى نىكاھىغا ئېلىش دۇرۇس بولمىغاندەك ئېمىلداشلىقتىن بولغان ئوغلىنىڭ ئايالىنى نىكاھىغا ئېلىشمۇ ئوخشاشلا دۇرۇس ئەمەس. يەنە شۇنىڭدەك ئېمىلداشلىقتىن بولغان ئاتىسىنىڭ ئايالىنى ئېلىشمۇ دۇرۇس ئەمەس، خۇددى نەسەبى ئاتىسىنىڭ ئايالىنى ئېلىش دۇرۇس بولمىغاندەك.

بىرەر ئايال باشقىلارنىڭ نارىسىدە قىزىنى ئېمىتكەن بولسا شۇقىز ئېمىتكەن ئايالنىڭ ئېرىگە، ئاتىسىغا ۋە ئوغۇللىرىغا ھارام، ئايالنىڭ ئېرى ئۇ قىزنىڭ ئىنىك ئاتىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئەر نىڭ ئېمىلداش قېرىندىشىنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئېلىشى دۇرۇس، خۇددى نەسەبى قېرىندىشىنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئېلىشى دۇرۇس بولغاندەك.

بىر ئەمچەكنى ئەمگەن بارچە سەبىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن توي قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. كىشىنىڭ ئىنىك ئاتىسىنىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ،شۇكىشىنىڭ ئېمىلداشلىقتىن بولغان ھاممىسى.

## ئايالLAR ۋە قارلىق توغرىسىدا

**46** جاۋاب بار:

**1.** قارلىق تۇتۇش دېگەن: ئەركەكلەرنى ئۆزگە جەلىپ قىلىدىغان، زىبۇ - زىننەت، سۇرمەۋە خۇشپۇراق بۇيۇملارنى، كۆز قاماشتۇرىدىغان چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەردىن ئۆزىنى تارتىش



http://nurislam.cn

دىمەكتۇر.

2. قارلىق تۇتۇشنىڭ ھۆكمى ۋاجىپ.

3. قارلىق تۇتۇشنىڭ ھېكمىتى: مۇبادا قارلىق تۇتقۇچى ھامىلدار بولسا، قارلىق تۇتىۋاتقان تۆت ئاي 10 كۈن مۇددەتتە ھامىلىسى تولۇق يېتىلىدۇ ۋە ھامىلىگە جان كىرىدۇ. ئەگەر ھامىلدار بولمىسا بەچچىدىنى شەك ـ بىن شۇبھىسىز تازىلىنىدۇ. [شەيخ بەسسام]

4. قارلىق ۋە ئىددەتتىن چىقىپ كەتسە: بەزى ئاۋام خەلق ئويلىغاندەك ئۇ ئايالغا بىرەر ئىش كېرەك بولمايدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

5. قارلىق تۇتىۋاتقان ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدىن قايسى ۋاقىتتا چىقىپ كەتسە بولىدۇ؟

ـ ئېرىنىڭ ئۆيىدە داۋاملىق تۇرۇۋەرگەندە ئۆزىگە بىرەر زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن قورۇققاندا، يەكلەشكە ئۇچرىغاندا، ئۆي ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆي بولۇپ، ئۆي ئىگىسى ئۆينى قايتۇرۇۋالغان ياكى ئۆي ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈۋالغاندا. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

6. ياسىنىش ھەرزامان ـ ھەرماكانغا قاراشلىق بىر ئىش بولۇپ مەلۇم كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىگە ۋە قىياپەتكە قارىتىلمايدۇ. بىر بۆلۈك قەۋمگە زىبۇ ـ زىننەت بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسە يەنە بىر بۆلۈك قەۋۇمگە ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ھەربىر ئاۋام خەلقنىڭ ئۆرۈپ ئادىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلە. [شەيخ بەسسام]

7. قارلىق ئىددىتى قاچان باشلىنىدۇ؟

ـ ئېرى ۋاپات بولغان كۈندىن باشلاپ قارلىق ئىددىتى تۇتىدۇ.

8. ئايالالار ئۆز ئېرىدىن باشقىلارغىمۇ قارىلىق تۇتىدۇ. بىراق الله



http://nurislam.cn

قا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنەنىڭ ئېرىدىن باشقىلارغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارلىق تۇتىشى جايىز ئەمەس.

9. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي 10 كۈن قارلىق تۇتىدۇ.

10. ئەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ھىمايە قىلىدۇ.

11. ئېرىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

12. قارلىق تۇتۇۋاتقان مۇددەت ئىچىدە بالا ياتقۇنىڭ تازىلانغانلىقىنى بىلىدۇ.

13. ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايال ئالاھىدە زۆرۈر ئىشى بولمىسا ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقماسلىق، ئەگەر دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىش، ياكى بازاردىن بىر نەرسە سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە چوقۇم كۈندۈزلىرى چىقىش كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

14. قارلىق تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە،بارلىق خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى تارتىشى لازىم. بىراق ھەيزدىن پاك بولغان چاغدا غەيرى پۇراقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئازدۇر كۆپتۇر خۇشپۇراق ئىشلەتسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

15. قارلىق تۇتۇۋاتقان ئايال، لەۋسۇرۇقى، خېنە ۋە سۈرمە دېگەندەك گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

16. قارلىق تۇتۇۋاتقان ئايال ئاددى - ساددا كىينىشى،بەك چاكىنا كىيىنىۋالماسلىقى كېرەك. [شەيخ ئىبنى باز]

17. قارلىق تۇتۇۋاتقان ئايالغا،ئىددىتى چىقىپ بولغانغا



http://nurislam.cn

قەدەر،ئۇچۇق ئاشكارە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىراق كۆڭلىنى يۇشۇرۇن ئىزھار قىلسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**18**. ئىددەت ۋە قارلىق كۈنلىرىنى قەستەن ئۇزارتقۇيتىش توغرا ئەمەس، بىراق ئۇنتۇپ قېلىپ شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك يوق. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم]

**19**. قارلىق تۇتقۇاتقان ئايال ئۇچۇن ھەج سەپىرىگە چىقىش يوق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**20**. نىكاھ ئوقۇغان ئەمما بىرگە بولمىغان ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئىددەت ۋە قارلىق تۇتىشى لازىم. چۈنكى ئۇ ئايال نىكاھ ئوقۇلۇش بىلەنلا ھېلىقى ئەرنىڭ خوتۇنى بولغان بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**21**. مەرھۇمغا قايغۇسىنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن قارا كىيىم كېيىش توغرا ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**22**. ئايالغا ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تۆت ئاي **10** كۈندىن كېيىن يەتكەن بولسا ئىددەت تۇتۇش يوق. چۈنكى ئىددەتنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**23**. قارلىق تۇتقۇاتقان ئايال خالىغان چاغدا يۇيۇنسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**24**. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە مەھرەملىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشۇپ كەڭ كۇشادە پاراڭلاشسا ۋە ئۇلارغا قەھۋە،چاي دەملەپ سۇنسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

**25** ـ مېھمانلارغا ۋە پەرزەنتلىرىگە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**26** ـ ۋاقتنى بىلىپ تۇرۇش ئۇچۇن سائەت تاقسا بولىدۇ. بىراق

http://nurislam.cn

زىننەت ئۈچۈن بولسا جايىز ئەمەس. مۇمكىن بولسا تاقىمىغىنى ياخشى. [پەتىۋا كومىتېتى]

27 ـ ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالنىڭ شۇ جايدا بىرەر ئۇرۇق ـ تۇققىنى تېپىلمىسا، ۋەلىلىرىنىڭ ئۆيىگە ياكى ئۆزىگە نىسبەتەن خاتىرجەم بولالايدىغان بىرەر جايغا يۆتكەلسە بولىدۇ.

28 ـ بىراق ئۆزىگە قارىتا خاتىرجەم بولالمىسا، ئىددىتى چىققۇچە ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلماسلىقى لازىم.[شەيخ ئىبنى فەۋزان]

29 ـ قارلىق تۇتۇش پەقەت ئايالالار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ مېيىتكە (ھازا كىيىمى كىيىپ) قارلىق تۇتىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

30 ـ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ قارىلىقىنى تۇتىۋاتقان ئايال باشقا ئايالالار بىلەن، ئۆز مەھرەملىرى بىلەن تېلفۇن ئارقىلىق سۆزلەشسە بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

31 ـ غەيرى مەھرەملەر بىلەن تېلفۇن ئارقىلىق شەرئەتكە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلىشسا بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

32 ـ قارلىق تۇتىۋاتقان ئايال ئاددى ـ ساددا بولۇش شەرتى بىلەن خالىغان رەڭدىكى كىيىملەرنى كەيسە بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى جۆبەيرىن]

33 ـ خىزمەت قىلىدىغان ياكى ئوقۇۋاتقان قىز ـ ئايالالار ئۆز ئىشى ئۈچۈن كۈندۈزى ئۆيىدىن چىقسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇھىم ھاجەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئەگەر شۇ ئىشلارغا كېچىسى چىقىشقا توغرا كەلسە چىقسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

34 ـ قارلىق تۇتىۋاتقان ئايال ئۆز مەھرەملىرى ئالدىدا يالاڭباش تۇرۇپ ئادەتلەنگە بولسا ياللاڭباش تۇرسا كېرەك يوق.

http://nurislam.cn

**35** ـ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن غۇسلە قىلامدۇ؟

ـ ئىددىتى تۈگىگىنى ئۈچۈنلا غۇسلە قىلىش كەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بۇ (دىنىنى) ئىشلىرىمىزدا يوق بىرەر ئىشنى پەيدا قىلسا ئۇ رەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

**36** ـ ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىگە قارىلىق تۇتىشى ۋاجىپ. باشقا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا قارىلىق تۇتىشى جايىز. بىراق ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز ۋە شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**37** ـ قارىلىق تۇتىۋاتقان ئايالالرنىڭ يىپەك كىيىملەرنى كىيىشى ئەسلا توغرا ئەمەس. بىراق بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن كىيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا كىرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**38** ـ باشقا جايدا تۇرۇپ ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئايال قايتىپ كېلىشى ۋاجىپ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز ئۆيىگىزدە تۇرۇڭ» دېگەن. [ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان]

**39** ـ قارىلىق تۇتىۋاتقان ئايالالرنىڭ پۇراقلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستىمال قىلىشى توغرا ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز ۋە شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**40** ـ قارىلىق تۇتىۋاتقان ئايال تۈرلۈك پۇراقلىق سوپۇنلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ. چۈنكى سوپۇننى خۇشپۇراق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تازىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئىختىلاپتىن يىراق بولۇش ئۈچۈن ئىشلەتمىگىنى ياخشى. [شەيخ ئىبنى باز]

**41** ـ قارىلىق تۇتىۋاتقان ئايال تىرناق ئالسا، سۈننەت قىلسا كىرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**42** ـ قارىلىق تۇتىۋاتقان ئايال چېچىنى تارىسا بولىدۇ. [پەتىۋا



http://nurislam.cn

كومىتېتى]

**43** ـ ئىبىدەت تۇتىۋاتقان ئايال كىيىمدىكى ئىسەۋىلىك ئىبادەتتىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تولۇقلىشى توغرا ئەمەس. ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۈگىتىشى لازىم.

**44** ـ ئەمما سەپەر قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولمىسا ئانىسىنى يوقلاپ تۇرسا كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**45** ـ قەستەن ئىبىدەت ۋە قارلىق تۇتۇشنى تەرك ئەتكەن ئايال كۆپ ئىستىغفار ئېيتىشى ۋە قاتتىق تەۋبە قىلىشى لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

**46** ـ قارلىق تۇتقۇچى قىلماسلىقتا تىگىشلىك ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ تاشلىسا اللہ قا تەۋبە، ئىستىغفار ئېيتىشى لازىم، كەففارەت يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn

## يىگىرمە ئالتىنچى ئايالالار ۋە سودا ـ سېتىق

### 15 جاۋاب بار

1. ئالتۇننىڭ پۇلنى چەك بىلەن تاپشۇرۇش: چەك بانكىدا نەخلەشتۈرۈشكە بولىدىغان چەك بولۇپ ئالتۇن ساتقۇچى نەخ پۇل ئورنىدا ئالسا كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

2. ئىشلىتىلگەن ئالتۇننى ئوخشاش قىممەتتىكى يېڭى ئالتۇنغا ئىش ھەققى ئېلىپ ئالماشتۇرۇش: توغرا ئەمەس. توغرىسى ئىشلىتىلگەن ئالتۇننى نەخ پۇلغا سېتىپ، يېڭىسىنى نەخ پۇلغا سېتىۋېلىش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

3. ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىشنىڭ شەرئى يولى: 1 ـ ئۆزىدىكى ئالتۇننى ئېھتىياجلىق كىشىگە نەخ پۇلغا سېتىپ، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن باشقىسىنى سېتىۋېلىش. 2 ـ ئالتۇننى ئوخشاش تۈردىكى، ئوخشاش ۋەزندىكى ئالتۇنغا قولمۇ قول سېتىش جايىز. ئالتۇن يېڭى بولسۇن، مەيلى كونا بولسۇن. [شەيخ ئىبنى باز]

4. تاپشۇرۇپ ئالغاندا ياساش ھەققى تاپشۇرۇش كېرەكمۇ؟

ـ ئەگەر ئالدىنقىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ھەق ئالغان بولسا تاپشۇرۇش كەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا قاچانلا ھەق تاپشۇرسا بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

5. ساتقۇچى سېتىۋالغۇچىغا كونىسىنى ساتسىڭىز يېڭىسىنى سېتىۋېلىشىڭىز لازىم دەپ شەرت قىلىشى جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىشتىكى ئالدامچىلىق [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

6. ئالتۇننىڭ بىر قىسىم پۇلنى تاپشۇرۇپ قالغان قىسمىنى



http://nurislam.cn

بانكىدىن ئېلىپ بېرىش: ئەڭ ياخشىسى قالغان قىسمىنى ئەكىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا سودا قىلىش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

7. ئالتۇننى يېرىم پۇلنى تاپشۇرسا بېرىش دۇرۇس ئەمەس، بىراق پۇلنى تولۇق ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بېرىش لازىم. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

8. جانلىقلار شەكلىدە ياسالغان ئالتۇننى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە تاقاش هارام، چۈنكى سۈرەتنى يوقۇتۇش ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

9. يات بىر ئەرنىڭ مەيلى ساتقۇچى بولسۇن، مەيلى باشقىلار بولسۇن ـ يات بىر ئايالنىڭ قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويۇشى جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

10. قىممەتتىكى پەرقنى بېرىش بىلەن كىچىك هالقىنى ئېلىپ، چوڭ هالقىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش توغرا ئەمەس [پەتىۋا كومىتېتى]

11. ئۇنىڭ شەرئى يولى: سودىنى بىكار قىلىپ مۇناسىپ كەلمىگىنىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن باھاسى تۆۋەنرەكىنى سېتىۋېلىش. [پەتىۋا كومىتېتى]

12. ئىشلىتىلگەن ئالتۇننى يېڭى دەپ، بىلمەيدىغان كىشىلەرگە سېتىش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئالدامچىلىق. [پەتىۋا كومىتېتى]

13. ئالتۇننى ئۆيگە بېسىپ قويۇپ باھاسى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆسكەندىن كېيىن سېتىش، (پەرز قىلىنغان زاكاتنى ئادا قىلغان بولسا) بېسىمدارلىققا كىرمەيدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

14. ئالتۇننى پۇلتۇنلەي نىسى سېتىش ۋە يېرىمىنى نىسى سېتىش: جايىز ئەمەس. مەيلى ئالتۇننىڭ پۇلنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت ئېنىق بولسۇن مەيلى ئېنىق بولمىسۇن نىسى سېتىش توغرا ئەمەس،

http://nurislam.cn

ئەگەر پۈتۈشۈپ بولغان بولسا ئۇ باتىلدۇر، سودىسى ھارام، ئۇنداق سودا قىلغۇچى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ئۇ بولسا جازانىخورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**15.** ئالتۇندىن بىرەر بۇيۇم ياساپ بەرگەنلىكىگە ھەق ئېلىش: سېتىلغان بۇيۇمنىڭ قىممىتى بىلەن بىرگە بولسا ۋە قەغەز پۇلغا ئوخشاش باشقا بىر تۈرگە سېتىلسا كېرەك يوق. بىراق ھەق ئېلىش بىلەن بىرگە ئالتۇن ئالتۇنغا سېتىلسا جايىز ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]



http://nurislam.cn

# يىگىرمە يەتتىنچى ئايالالر ۋە تۈرلۈك جاۋابلار

**59** جاۋاب بار

**1.** ئايـاللارنىڭ ئـاۋازى: ئـاۋازنىڭ ئۆزى ئـەۋرەت ئـەمـەس، ئۇنـى ئاڭلاشمۇ ھەم هارام ئەمـەس، بـىراق گـەپ سۆزدە نـازلىنىش بولسا، ئۆز ئېرىنىڭ غەيرىگە ھالال ئەمەس ۋە يات ئەرلەرنىڭ ئاڭلىشىمۇ ئوخشاشلا ھالال ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

**2.** ئىككـى ئايـالنىڭ بىـر يوتقانغا كىرىۋېلىشـى دۇرۇس ئـەمـەس. چۈنكى: «ئۇلارنىڭ ياتقىنى ئايرىڭلار» دېگەن ھەدىس بار.

**3.** شوپۇرنىڭ يات بىـر ئايال بىلـەن ماشىـنىدا بىرگـە ئولتۇرىشـى جايىز ئەمەس. بىراق ئايال ئىككىدىن كۆپ بولسا كېـرەك يـوق. [شـەيخ ئىبنى جىۋبەيرىن]

**4.** چوڭلارنىـڭ خىلۋەتتـە بولۇشـىغا نارىسـىدە بـالىلارنىڭ بىرگـە بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**5.** ئەركىشى يات ئايالغا قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەي، تەبەسسۇم قىلماي ۋە خىلۋەتتە بولماي سالام قىلسا كېرەك يوق. [پەتىۋا كومىتېتى]

**6.** رىيادىن قورقۇپ نەسىھەتنى تەرك ئېتىش: شەيتاننىڭ دامىغا چۈشكەنلىك، مۆئمىن ئـەر ۋە مۆئمىن ئايـالنىڭ رىيـادىن قورقۇپ اللـه ۋاجىپ قىلغان نەسىھەتنى تەرك ئېتىشى جايىز ئەمەس. [شـەيخ ئىبنى باز]

**7.** پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام: «يارالتقۇچىغـا ئاسـىيلىق قىلىـپ تۇرۇپ يارالغۇچىغا ئىتائەت قىلىش يوق» دېگەن.



http://nurislam.cn

ـ يارالغۇچى مەيلى ئاتا ـ ئانا بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن بەرىبىر. [شەيخ ئىبنى باز]

8. ئايال كىشى ياشىنىپ، موماينلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يات ئەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىشى گەرچە پەلەي كىيىۋالغان بولسىمۇ دۇرۇس ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

9. گېزىت ـ ژورناللاردىكى يالىڭاچ سۈرەتلەرگە قاراش دۇرۇس ئەمەس. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

10. ئانىلار بايرىمى ۋە باشقا تۈرلۈك بىدئەت بايراملارنى ئۆتكۈزۈش جايىز ئەمەس. [پەتۋا كومىتېتى]

11. نىمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭ تولىسى دوزاختا بولىدۇ؟

ـ «باشقىلارنى كۆپ قارغىغان، كۆپ تىللىغان ۋە ئەرلىرىنىڭ غەمخورلىقىغا كۆز يۇمغانلىقى ئۈچۈن» [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

12 ـ كانۋېرت ۋە تۈرلۈك يوللانمىلارغا بىسمىللانى يېزىش: اللە نىڭ ئىسمى يېزىلغان خەت ـ چەك تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئۇنى ئاياغ ئاستىغا ۋە ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تاشلاشتىن قاتتىق ئېهتىيات قىلىش لازىم. [شەيخ ئىبنى باز] 13 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە اللە نىڭ ئىسمى ـ شەرىپلىرى بار گېزىتلەرگە يېمەكلىك ئوراش دۇرۇس ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

6. شۇخىل گېزىت ـ ژورناللارنى كېرەكلىك جايلىرىنى كۆڭلىدە ساقلىشى قالغانلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى ياكى كىشىلەر ئاياغ باسمايدىغان جايلارغا كۆمۈۋېتىشى لازىم. [پەتۋا كومىتېتى]

15 ـ ئۆي ـ ئىمارەت پۈتكەندە مال سويۇش: جىنلاردىن ياكى باشقا يامانلىقلاردىن ساقلىنىش مەقسىتىدە بولسا جايىز ئەمەس .

http://nurislam.cn

16 ـ بىراق الله نىڭ ئۆزىگە قىلغان نېئمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىش مەقسىتىدە بولسا ھەم ئۈنىڭغا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، خۇلۇم ـ خوشنىلىرى ئېغىز تەگسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

17 ـ ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردا يەپ ئىچىش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا يەپ ئىچكەن ئادەمنىڭ قورسىقىدا دوزاخ ئوتى ھۆۋۈلايدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

18 ـ كېسەل سەۋەبلىك يىغلاش ۋە ئۇ توغرۇلۇق باشقىلارغا شىكايەت قىلىش: پەقەت كۆز يېشى بىلەنلا چەكلەنسە، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش ۋە الله دىن شىپالىق تىلەش، سەۋرى قىلىش ۋە ئەجرى سوراش بىلەن چەكلەنسە كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى باز]

19 ـ جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى تامغا ئېسىپ قويۇش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

20 ـ قەبرىلەرگە خەت پۈتۈش: مەيلى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى بولسۇن، مەيلى باشقا پۈتۈكلەر بولسۇن ئەسلا جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

22. شەئبان ئېيىنىڭ نىسپى كېچىسى توغۇرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەر يوق. شۇ كېچىدە مەخسۇس تىلاۋەت قىلىش، مەخسۇس ناماز ئوقۇشلار يوق. بۇ توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر زەئىپ ھەدىسلەردۇر. [شەيخ ئىبنى باز]

23 ـ ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار: 1 ـ قۇرئان كەرىمنى كۆپ تىلاۋەت قىلىش ۋە مەنا ـ مەزمۇنلىرىنى تەپەككۇر قىلىش. 2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە شەرىئەتنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش. 3 ـ الله نىڭ نازارەتچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىش. 4 ـ قىيامەت كۈننى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ھېساب ـ كىتاب ۋە مۇكاپات ـ جازانى ياد ئېتىش.



http://nurislam.cn

5 ـ يامانلاردىن يىراق بولۇپ، ياخشىلارغا ھەمراھ بولۇش .

24 ـ ئادەملەر قانداق قىلغاندا جىنلارنىڭ تالاپىتىدىن ئەمىن بولالايدۇ؟

1 ـ ھەر قاچان الله نى كۆپ ياد ئەتكەندە. 2 ـ ئەتتىگەن كەچتە ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئالارنى قولدىن بەرمىگەندە. 3 ـ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈپ، تۈرلۈك ۋاجىباتلارنى تولۇق ئۆتىگەندە. [پەتۋا كومىتېتى]

25 ـ ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش: دۇئا قىلغۇچى ئۆزىگە مەنپەئەتى تېگىدىغان ئىشلارنى تىلەش بىلەن، مەسىلەن: ئى الله ئۆمرۈمنى ساڭا ئىتائەت قىلىشتا ئۇزۇن قىلغىن دېيىشى بىلەن بولسا كېرەك يوق ۋە ئەۋزەلدۇر. [شەيخ ئىبنى باز]

26 ـ ھەممىگە ئايانكى دۇئا قىلىش، قازا ۋە قەدەرگە زىت ئەمەس، بەلكى قازا ۋە قەدەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەمەل. الله نىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەرقانداق بىر سەۋەب قازا ۋە قەدەردىندۇر. [شەيخ ئىبنى باز]

27 ـ بىمارلارغا گۈل سوغا قىلىش: ئورۇنسىز چىقىم ۋە غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئىش ـ ئەمەلىگە ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن جايىز ئەمەس. [پەتۋا كومىتېتى]

28 ـ ئايالنىڭ بازارغا چىقىشتىكى شەرتلىرى: 1 ـ شەرىئەتكە مۇۋاپىق، كامىل ئورۇنۇش. 2 ـ ئەرلەر ئارىسىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش. 3 ـ شەرئى ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىش. 4 ـ ئېرىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش. [پەتۋا كومىتېتى]

29 ـ ئايالار بازارغا چىققاندا مەھرىمىنى ئېلىپ چىقىش شەرت ئەمەس. بىراق فىتنىدىن قورۇقسا ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان، يامان



http://nurislam.cn

كۆزلەرنىڭ تىكىلىشلىرىدىن ساقلايدىغان بىرەر مەھرىمى بىلەن بىرگە چىقىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**30** ـ مۇسۇلماننى تاشلىۋېتىش: مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى سەۋەبسىز ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، نە باشقىلارنىڭ قارشىلىقسىز تاشلىۋېتىشى هارام. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**31** ـ دۇئانى قەغەزگە قاراپ قىلىش: ئەگەر دۇئانى ياتقا ئوقۇشنى بىلمىسە قەغەزگە قاراپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. بىراق شۇ دۇئانى يادلاش ئاسان بولسا ياتقا ئوقۇش ئەۋزەل، چۈنكى ياتقا ئوقۇغاندا دۇئا ھۇزۇرى قەلب بىلەن ۋە خۇزۇئ ـ خۇشۇئ بىلەن ئوقۇلىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز]

**32** ـ الله قا تەۋبە قىلىشنىڭ يولى: تەۋبە، بارلىق چوڭ ـ كىچىك گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈپ الله نىڭ ئىتائىتىگە يۈزلىنىشتۇر. تەۋبىنىڭ شەرتلىرى: **1** ـ اللە تائالاغا **33** ئىخلاس قىلىش، يەنى: قىلغان ھەربىرچوڭ ـ كىچىك ئەمىلىدە الله تائالانىڭ رازىلىقىنى، ساۋاب ـ مۇكاپاتنى كۆزلەش ۋە ئازابىدىن ئەمىن قىلىشنى مەقسەت قىلىش. **2** ـ قىلىپ سالغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىش. **3** ـ قىلغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرى باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە تەئەللۇق بولسا قايتۇرۇشقا تىگىشلىكلىرىنى قايتۇرۇش، ئەپۇ سورىغۇدەك بولسا ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنۈش. **4** ـ قايتا گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىرقىلماسلىققا بەل باغلاش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**34** ـ ساراي، ئالقان ۋە چەينەك قاتارلىقلارغا ئوقۇش: بۇلارنىڭ ھەممىسى پالچىلىق ۋە جادىگەرلىك بولۇپ سېھرىنىڭ بىر تۈرى ۋە غەيىب ئىلمىنى دەۋا قىلىشتۇر. بۇ ئادەملەرنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇشقا ئورۇنغانلىق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**35** ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئايالالار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارالغان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئايالار ئەخلاقتىكى ئەگرىلىكتىن،



http://nurislam.cn

خۇددى قوۋۇرغا ئەگرىلىكتىن رۇسلانمىغاندەك، رۇسلانمايدۇ. كىمكى ئۇلارنى كامالەتكە يەتكۈزمەن دېسە، ئۇلارنى قولدىن چىقىرىپ قويىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكىگە سەۋر قىلىش ئۆزلۈكسىز نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش كېرەك. [پەتۋا كومىتېتى]

36 ـ رەجەپ ئېيىدا روزا تۇتۇش: رەجەپ ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ ئۆزەللىكىگە خاس ھەدىسلەر ئىسپاتلانمىغان. [پەتۋا كومىتېتى]

37 ـ شەرىئەتنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن ھىجابلانغان ئاياللارنى مەسخىرە قىلغۇچى ئىماندىن جۇدا بولىدۇ. [پەتۋا كومىتېتى]

38 ـ بىرەر ئىشنىڭ توغرا خاتالىقىدا بىرلىككە كېلەلمەي بىرسى يەنە بىرسىگە، ئەگەر بۇ ئىش دېگىنىڭدەك بولسا مەن ساڭا مۇنچىلىك بىرنەرسە بېرىمەن. ئەگەر ئىش مەن دېگەندەك بولسا سەن ماڭا مۇنچىلىك بىرنەرسە بېرىسەن دەپ پۈتۈشۈش ھارامدۇر، چۈنكى ئۇ قىمارنىڭ بىر تۈرى. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

39 ـ جازانىخور تاماققا تەكلىپ قىلسا بېرىشنىڭ ھۆكمى: ئەگەر سىز چاقىرىلغان تاماقنىڭ ھارامدىن تەييار قىلىنغانلىقىنى بىلسىڭىز بېرىش جايىز ئەمەس. ھەممە ئۇنداق تاماقنى يېيىشمۇ ھالال ئەمەس .

40 ـ ئەگەر ئۇ تاماق جازانە قىلىپ ۋە باشقا نا توغرا يوللاردىن كىرىم قىلغان خىراجەت بىلەن ھالال يولدىن كەلگەن خىراجەتنىڭ ئارلاشمىسىدىن تەييار قىلىنغان بولسا سىز ئۇنىڭ ھارامدىن تەييار قىلىنغانلىقىنى بىلمەي ئىستىمال قىلغان بولسىڭىز كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

41 ـ مۇسۇلمان، يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى زالىم، لۆكچەك دەپ ئاتىماسلىقى كېرەك، چۈنكى مۆئمىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى گۈزەل ناملار بىلەن ئاتىشى، ياخشى سۆزلەر بىلەن چاقىرىشى شەرىئەت تەرەپتىن تەلەپ قىلىنغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر

http://nurislam.cn

ئەلەيھىسسالام: «مۆئمىن تەنە قىلغۇچى، لەنەت قىلغۇچى ۋە سەت ـ بىمەنە سۆزلەرنى قىلغۇچى ئەمەس» دېگەن. [تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

**42** ـ الله نىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەزلەرنى ھاجەتخانىلارغا ئېلىپ كىرىش: مۇبادا الله نىڭ ئىسمى ئوچۇق يېزىلغان بولسا جايىز ئەمەس. بىراق ئابدۇللاھ، ئابدۇراھمان دېگەندەك كۆپۈنچە ھاللاردا ساقلانغىلى بولمايدىغان الله نىڭ ئىسمىغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىملار بولسا كېرەك يوق. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**43** ـ «الله» دېگەن كەلىمە چۈشۈرۈلگەن بولوپكالارنى ئېسىش جايىز. بىراق ئاسمىغان ياخشى، چۈنكى ئۇنى ئېسىۋالغانلار سىناققا دۇچ كېلىدۇ، يەنى ئۇنىڭ بىلەن ھاجەتخانىلارغا، مۇنچىلارغا كىرىش جايىز ئەمەس ۋە ئۇنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئېلىۋېتىش لازىم. [شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن]

**44** ـ گۈش مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتىن خالى ئەمەس: **1** ـ شەرئى يول بىلەن: «الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ» بوغۇزلانغانلىقىنى بىز بىلىمىز بۇ ھالالدۇر. **2** ـ شەرئى يولنىڭ غەيرى بىلەن بوغۇزلانغانلىقىنى بىلىدىغىنىمىز، بۇنداق گۆشنى يېيىش جايىز ئەمەس. **3** ـ شەرئى يول بىلەن بوغۇزلانغان ياكى بوغۇزلانمىغانلىقىدىن شەكلىنىدىغانلىرىمىز، بۇنىڭ ھۆكمى ھالال، قايسى تەرىقىدە بوغۇزلانغانلىقىنى (يەنى الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلىغانمۇ؟) دەپ سوراش بىزگە ۋاجىپ ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**45**ئاتا ـ ئانا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قىلىنىدىغان بەش تۈرلۈك ياخشىلىق: **1** ـ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇش، **2** ـ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەش. **3** ـ ئۇلارنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش. **4** ـ ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلەش. **5** ـ ئۇلارنى دەپلا ئۆزىگە سىلە ـ رەھىم



http://nurislam.cn

قىلمىغانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**46** ـ مىنىڭ ئوغلۇم هارام كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مەن قانداق قىلىمەن؟

ـ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشىڭىز ۋاجىپ، ئەگەر ئۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىسا، سىز ئۇنىڭ تاپقىنىدىن ئېھتىياجىڭىزغا چۇشلۇق ئالسىڭىز بولىدۇ. سىزگە بۇ ھالەتتە گۇناھ بولمايدۇ. بىراق هارام كەسىپتىن تاپقان مۈلكىنى ئىستىمال قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ھەققىدە شۈبھى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىياجىڭىزدىن ئارتۇق ئالماڭ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**47** ـ سۈرەت هاراممۇ؟

ـ سىز دەل ـ دەرەخ، دەريا ـ دېڭىز ۋە يۇلتۇز دېگەندەك جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى دېمەكچى بولسىڭىز بۇنداق رەسىملەرنى (سىزىش) جايىز، ئەگەر سىز رەسىم دېگەندە ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئوخشاش جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى كۆزدە تۇتقان بولسىڭىز بۇنىسى هارامدۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

**48** ـ رەسىملىك كىتاب ـ ژورناللارنى ساقلاشقا: توسالغۇ يوق، بىراق ئۇنىڭدا ئايالالارنىڭ سۈرەتلىرى بولسا ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىش لازىم. ئەرلەرنىڭ سۈرەتلىرى بولسا باش قىسمىنى ئۆچۈرۈۋەتسەكلا كۇپايە. [شەيخ ئىبنى باز]

**49** ـ يات بىر ئەر بىلەن يات بىر ئايالنىڭ لىفتتا بىرگە تۇرۇپ قېلىشى خىلۋەتتە بولغانلىقمۇ؟ ـ ئۇ ئەر بىلەن ئايالنىڭ باشقىلار كۆرەلمەيدىغان جايدا تۇرۇپ قېلىشىدۇر، ئادەم شەكلىك ئورۇنلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. [شەيخ ئىبنى مۇنئى]

**50** ـ يانفون ۋە باشقا ئاپراتلارغا ناخشا ـ مۇزىكا كىرگۈزۈش توغرا



http://nurislam.cn

ئەمەس. [پەتىۋا كومىتېتى]

51 ـ فوتو سۈرەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ جۇمھۇر ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئىشەنچلىك سۆزىگە ئاساسلانغاندا جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى تارتىش قول بىلەن سىزغانغا ئوخشاش ھارامدۇر، چۈنكى بۇ ھەقتىكى دەلىل ئومۇمىي دەلىلدۇر. [پەتىۋا كومىتېتى]

52 ـ كۆزتىكىپ ئەلەم چەككۈچىنى شەرئى ئەملەشنىڭ ئۇسۇلى: مۇئەۋۋەزەتەيىن، ئايەتەل كۇرسى، كافىرۇن سۈرىسى، سۈرە فاتىھە ۋە سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇش.كۆز سالغۇچىنى تاھارەت ئالغۇزۇپ سۇيىنى كۆز تەككەن كىشىگە سېپىش ياكى يۇيۇندۇرۇش. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

53 ـ سېھىرنى سېھىر بىلەن قايتۇرۇش: سېھىر ئەڭ چوڭ ھارام ئىشلاردىندۇر، بەلكى كۇپرىدۇر، سېھىر قىلغۇچى ئۆز سېھرىگە شەيتانىنىڭ يېتىلىنى قوللانسا شەكسىز كاپىردۇر. سېھرلەنگەن ئادەمدىن سېھىر قايتۇرۇش ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

54 ـ سېھىرنى قايتۇرۇش،يوللۇق دۇئا ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن بولسا جايىز ھەم كېرەك يوق.

55 ـ سېھىرنى، سېھىر بىلەن قايتۇرۇش جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

56 ـ ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش: جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىسلام شەرىئىتىدە قىلچە ئاساسى بولمىغان بىدئەت بايرامدۇر. مۇسۇلمان ئۆز دىنىنى قەدىرلىشى ۋە دىنسىزلارنىڭ قىلىقىنى ئەسلا دورىماسلىقى لازىم. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن]

57 ـ ئايالالرنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ تۇققانلىرى بىلەن ئولتۇرۇشىنىڭ



http://nurislam.cn

ھۆكمى: تۆۋەندىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا بولسا كېرەك يوق. خىلۋەتتە بولماسلىق، يۈز ۋە ئالقانلىرىنى ياپالايدىغان كامىل ھىجاپ بىلەن ھىجاپلانغان بولۇش، گەپ ـ سۆز ۋە ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا ئەدەپلىك بولۇش. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**58** ـ ئىمان دېگەن دىلىمىزدىلا بولسا بولىدى، ئۇنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىمىز ۋەسىرىتقى قىياپىتىمىز بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشلىقى يوق دېيىش نادانلارنىڭ پەلسەپىسىدۇر. ئىمان دېگەن ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەلەر دېگەندەك: تىل بىلەن سۆزلەش، دىل بىلەن تەستىقلاش ۋە تاشقى ئەزالىرى بىلەن ئىشلەشتۇر. **2** ـ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزمەسلىك قەلبتىكى ئىماننىڭ زەئىپلىگى ۋە كەمچىلىكلىگىنىڭ دەلىلىدۇر، چۈنكى ئىمان ئىتائەت بىلەن ئاشىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن كېمىيدۇ. [شەيخ ئىبنى فەۋزان]

**59** ـ كۆز تىگىش سەۋەبلىك يول تەرمىچى تېرىپ، ئىسرىق سېلىش جايىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ كۆز تېگىشنى داۋالايدىغان نورمال ئۇسۇل ئەمەس، ئۇنى داۋالاش پەقەت شەرئى دۇئا بىلەن بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn

# يىگىرمە سەككىزىنچى ئاياللار ۋە ساغلاملىق توغرىسىدا

**8** جاۋاب بار:

**1.** ئەر دوختۇر، ئاياللارنىڭ كۆرۈشكە ياكى تۇتۇشقا ئېھتىياجلىق بولمىغان ئازالىرىنى كۆرسە ۋە تۇتسا قەتئى بولمايدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**2.** ئاياللار داۋالانغاندا ئېچىش زۆرۈر بولمىغان ئەزالىرىنى چوقۇم تولۇق يېپىشى ۋاجىپ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**3** ـ ئايال كىشىنىڭ داۋالانغاندا بولسىمۇ دوختۇر بىلەن خىلۋەتتە بىرگە بولۇش جايىز ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن مەھرەملىرىدىن ياكى سېستىرالاردىن بىرسى ياكى ئېرى بىرگە تۇرۇشى لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

**4** ـ مۇمكىن بولسا ئايال كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئايال دوختۇرغا كېسەل كۆرسەتكىنى ئەۋزەل. [پەتىۋا كومىتېتى]

**5** ـ پەقەت مۇمكىن بولمىغاندا ئېرى ياكى بىرەر مەھرەملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مۇسۇلمان ئەر دوختۇرغا كېسەل كۆرسەتسە بولىدۇ. [پەتىۋا كومىتېتى]

**6** ـ سېستىرا ۋە ئايال دوختۇرلارنىڭ تار كىيىم كىيىشىنىڭ ھۆكمى: مەيلى سېستىرا بولسۇن، مەيلى ئايال دوختۇر بولسۇن، مەيلى باشقا قىز ئاياللار بولسۇن، بەدەن شەكلى ياكى پىگۇرلىرىنى گەۋدىلەندۈرمەيدىغان بەك كەڭمۇ ئەمەس، بەك تارمۇ ئەمەس، نورمال ھەم شەرىئەتكە مۇۋاپىق كىيىم كىيىشى لازىم. [شەيخ ئىبنى باز]

**7** ـ ئەر دوختۇرنىڭ سېستىرا بىلەن يالغۇز تۇرۇشى: دوختۇرنىڭ سېستىرا بىلەنمۇ ۋە ئايال دوختۇرنىڭ بىرەرسى بىلەنمۇ كېسەل كۆرۈش



http://nurislam.cn

بۆلىمىدە بولسۇن مەيلى باشقا جايلاردا بولسۇن يالغۇز تۇرىشى جايىز ئەمەس. [شەيخ ئىبنى باز]

**8** ـ ئەر بىمارپەقەت ئەر دوختۇرغا، ئايال بىمار پەقەت ئايال دوختۇرغا كېسەل كۆرسىتىش لازىم. [پەتىۋا كومىتېتى]

http://nurislam.cn